# روھىي كېسەللىكلەر ھەققىدە ساۋات



روھىي كېسەللەرنىڭ ھەممىسى «ساراڭ»مۇ؟

قايسى خىل خاراكتېردىكى كىشىلەر ئاسان روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ؟

روھىي كېسەللەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنامدۇ؟

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



# ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - خەلق دوختۇرخانىسى يەنى «شىنجاڭ روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقات مەركىزى» 1938 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 60 يىلدىن بېرى پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى 50 كارىۋات 20 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچىسى بار دوختۇرخانىدىن تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كارىۋات سانى 324 گە يەتكەن دوختۇرخانىغا ئايلاندى. 2003 - يىلى دوختۇرخانىغا يېڭىدىن ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسى سېلىنىپ دوختۇرخانىنىڭ كارىۋات سانى 500 گە كۆپەيتىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. دوختۇرخانىدا ئىقتىدارى تولۇق بولغان ئامبۇلاتورىيە، 20 دىن ئارتۇق بۆلۈم، شىنجاڭ بويىچە ئىقتىدارى ئەڭ تولۇق بولغان پسىخولوگىيىلىك ئانالىز قىلىش مەركىزى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى، روھىي كېسەللىكنى ئەدلىيىلىك باھالاش مەركىزى بار بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە روھىي كېسەللەرنى داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكەت ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - دوختۇرخانا روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەتقىق قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش كىلىنىكىلىق داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك كەسىپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى 17 روھىي كېسەللىك دوختۇرخانىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

دوختۇرخانا داۋالاش سەۋىيىسى يۇقىرى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى بولغان بىر تۈركۈم داۋالاش قوشۇنىغا، ئارقا سەپ كاپالەتلەندۈرۈش قوشۇنىغا ۋە زور بىر تۈركۈم ئىلغار داۋالاش، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى دوختۇرخانىدىكى كۆپلىگەن دوختۇرلار ئايرىم - ئايرىم برازىلىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

دوختۇرخانا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، ئىسپانىيە قاتارلىق توققۇز دۆلەت رايوندىن كەلگەن كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ داۋالىدى.

2001 - يىلدىن باشلاپ دوختۇرخانا يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئىتتىپاقلىشىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، يول قويۇش» قاتارلىق دوختۇرخانا قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. پۈتۈن دوختۇرخانا بويىچە «بىمارلار ھەممىدىن ئەلا» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى دوختۇرخانا سەھىيە مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئۈرۈمچى سەھىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئون نەچچە قېتىم ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شان - شەرەپكە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا دوختۇرخانىمىزدىكى بىر قانچە يولداش مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «ئون مۇنەۋۋەر دوختۇر»، «نەندىڭ گۇرھىن» گە ئوخشاش سېستىرا دېگەن شان - شەرەپكە ئېرىشىپ، ياخشى ئۈلگە تىكلىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - دوختۇرخانا تېز سۈرئەتتە زامانىۋىلىشىشقا قەدەم قويماقتا. دوختۇرخانىنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ پارلاق بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باش، بويۇن، قان تومۇرىنى نۇر ئارقىلىق تەكشۈرىدىغان
ئىمپورت قىلىنغان ئاپپارات



مېڭە ئىقتىدارىنى ئانالىز قىلىش ئەسۋابى



16 ئۆلانىملىق مېڭە ئېلېكتر ئېقىمىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى



كۆپ ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۇخلىتىپ تەكشۈرىدىغان ئىلغار ئاپپارات













قاننى ماگنىت نۇرىدا ئوكسىدلاش ئاپپاراتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

21 ـ ئەسىردە پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىپ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور يۈكسىلىشلەر بولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى، خىزمەت رىتىمى كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلەشتى. بۇ جىددىيلىك كىشىلەرگە ئاز بولمىغان روھىي بېسىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، سالامەتلىكىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئېشىپ، ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ساغلاملىققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. «تەن ساقلىق، زور بايلىق» ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان بۇ ھېكمەتتە ئېيتىلغىنىدەك تەننىڭ ساقلىقى ئىنسان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بايلىقتۇر.

مەزكۇر كىتابتا 21 ـ ئەسىردىكى قىززىق تېمىلارنىڭ بىرى بولغان «روھىي ساغلاملىق» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىل ۋە پسىخىك ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆپ ئۇچرايدىغان روھىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئاممىباب تىللار بىلەن ئېنىق، سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىققا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، روھىي ساغلاملىق ھەققىدىكى بىلىملەر-

نى ئىگىلەپ ساغلاملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل» ، پەقەت تېنىمىز ساغلاملا بولىدىكەن، ئەقلىي ئىقتىدارىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇ. رۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتلىرىمىزگە يېتەلەيمىز.

مەن بۇ كىتابنى يېزىپ كەڭ ئاممىغا سۇنغان، ئىنسانلارنىڭ روھىي، جىسمانى ساغلاملىقى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ساغلاملىق ئەلچىلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ساغلاملىققا ئائىت بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولغان «ھەقىقىي، ساغلام» كىشىلەردىن بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئابدۇرېھىم مۆمىن
(ئۈرۈمچى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
تۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاپتور ئىلاۋىسى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن دوستلار، قولىڭىزدىكى بۇ كى-
تابنى جەمئىيىتىمىزدىكى كەڭ ئاممىنىڭ روھىي كېسەللىك
ھەققىدىكى بىلىمىنى مولλاشتۇرۇش، روھىي كېسەللەرگە
بولغان تونۇشى ۋە چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسى-
تىدە تۈزۈپ چىقتۇق. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئو-
قۇشىنى ۋە كەسپداشلىرىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىنى
ئۈمىد قىلىمىز.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن
شۈنداقلا يېقىندىن ياردەمدە بولغان دوختۇرخانا باشلىقى
جۇ يۈەنچۈن (朱元春)، مۇئاۋىن باشلىقى مەمەت خۇدابەردى-
گە ۋە بارلىق دوستلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1
1. روھىي كېسەللىك ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخى ........................................ 1
2. خاراكتېر ۋە روھىي كېسەللىك ............ 4
3. روھىي كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئامىللار ............ 6
روھىي كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى .................. 10
1. سەزگۈ ۋە سەزگۈنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى... 10
2. تۇيغۇ ۋە تۇيغۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى... 12
3. تەپەككۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ........................................ 25
4. دىققەت قىلىش ۋە دىققەت قىلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ........................................ 47
5. ئەستە ساقلاش ۋە ئەستە ساقلاشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ........................................ 51
6. ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ........................................ 55
7. ھېسسىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ......... 56
8. ئىرادە، ھەرىكەت ۋە ئىرادە ھەرىكەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ........................................ 65
ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى ........................ 77
1. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ........................................ 77

2. ئىلىشىپ قىلىش كېسىلىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى ........................... 82
3. ئىلىشىپ قىلىش كېسىلىنىڭ كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى .................. 84
4. ئىلىشىپ قىلىش كېسىلىنىڭ كلىنىكىلىق تىپلىرى ........................... 93
5. ئىلىشىپ قىلىش كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ............. 95
**ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەل** ......... 98
1. قۇتراش ـ خامۇشلۇق كېسىلى ............. 98
2. قۇتراش ـ خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى .................................. 99
**ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەل** ............ 105
1. ئىنكاس خاركتېرلىك روھىي كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبلىرى ............................ 105
2. ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەلنىڭ كلىنىكىلىق ئالامىتى .......................... 107
**روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلار پەيدا قىلغان روھىي كېسەل** ................................ 112
1. ئومۇمىي بايان .................................... 112
2. ھاراققا خۇمار بولۇپ قېلىش ۋە ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن بولغان روھىي كېسەل .......... 126
**نېۋروز** .................................................. 126
1. ئومۇمىي بايان .................................... 126
2. ھىستېرىيە ......................................... 128
3. خامۇشلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروز ......... 136

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4. قورقۇش خاراكتېرىدىكى نېۋروز ………… 139
5. مەجبۇرىلاش خاراكتېرىدىكى نېۋروز……… 142
6. تەشۋىشلىنىش خاراكتېرىدىكى نېۋروز …… 146
7. گۇمانخورلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروز …… 149
8. نېرۋا ئاجىزلىق …………………… 151
9. نېۋروز ئېغىر تېپتىكى روهىي كېسەلگە تەرەققىي قىلامدۇ؟ ……………………………… 154
**مېڭە ئىقتىدارى چېكىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە قوشۇلۇپ كەلگەن روهىي كېسەل** ……………………………… 159
1. ئالىزخېيمېر كېسىلى ………………… 159
2. پىك كېسىلى ………………………… 162
3. پاركىنسون كېسىلىدىن پەيدا بولغان روهىي كېسەل………………………… 164
**مېڭە قان تومۇر كېسىلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن روهىي كېسەل** ……………………… 166
قان تومۇر مەنبەلىك دۆتەڭلىك ………… 166
**روهىي كېسەللەرنى ئەدلىيە روهىي كېسەل ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىش** ……… 169
1. قايسى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئەدلىيە روهىي كېسەل ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھاۋالە قىلىسا بولىدۇ؟ ……………………… 169
2. روهىي كېسەللەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى باھالاپ بېكىتىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئاساسى نېمە؟ … 172
3. روهىي كېسەللەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنامدۇ؟ ……… 173
**قوشۇمچە** ………………………… 175

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

## روھىي كېسەللىك دېگەن نېمە؟

روھىي كېسەللىك دېگىنىمىز، ھەر خىل بىئولوگىيىلىك پسىخولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، چوڭ مېڭە فۇنكسىيىسى قالايمىقانلىشىپ، بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە قاتارلىق روھىي پائالىيەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. روھىي كېسەللىك ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخى

روھىي كېسەللىك ئىلمى قەدىمكى تېبابەت ئىلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىنتايىن مۇرەككەپ. روھىي كېسەللىكلەر بولغاچقا، تېببىي ئىلىمنىڭ بىر تارماق پېنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ تەرەققىياتى باشقا تېببىي پەنلەرگە قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامان روھىي كېسەللىك ئىلمى پەقەت 100 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە.

روھىي كېسەللىك ئىلمى (psychiatria) دېگەن ئاتالغۇ گىرىكچىدىن كەلگەن، psyche دېگەن سۆز «روھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. iatria دېگەن سۆز «داۋالاش» دېگەن

مەنىگە ئىگە.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ~ 4 ئەسىرلەردە گىرىتسىيە پەيلاسوپى ھىپپوكراتىس (377~460 Hippocrates) مىڭىنى تەپەككۇر قىلىدىغان ئەزا دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. مىلادى 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە رىم مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، تېببىي پەن ساھەسىگە ئىلاھشۇناسلىق سىڭىپ كىردى. نەتىجىدە روھىي كېسەللەر «جىن چاپلىشىۋالغانلار» دەپ قارىلىپ، پىرخونلارغا ئوقۇتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە فرانسىيە تېببىي پەن ساھەسىدە چوڭ ئىنقىلاب يۈز بەردى. شۇ مەزگىلدە روھىي كېسەللىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ چوڭ بۆسۈش بولدى. پىنىل (Pinel 1754~1826) تۇنجى قېتىم «ساراڭلار ساناتورىيەسى» گە باشلىق بولدى. ئۇ كېسەللەرنى ئارغامچا، زەنجىرلەردىن خالاس قىلىپ، داۋالاشنى يولغا قويدى ھەمدە «ساراڭلار ساناتورىيەسى» نى «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روھىي كېسەللىك ئىلمى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىپ، روھىي كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى يېڭى قاراشلار ۋە تۈرگە ئايرىش قاتارلىق يېڭى مەزمۇنلار بارلىققا كەلدى ۋە مۇكەممەللىشىشكە قاراپ ماڭدى. داۋالاش سەۋىيىسىمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا قاراپ يۈزلەندى.

## 1. ساغلاملىق دېگەن نېمە؟

ساغلاملىق دېگىنىمىز، پەقەت ئورگانىزمدا كېسەللىك بولمىغان ھالەتنىلا كۆرسەتمەستىن، بەلكى بەدەن، پسىخىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالەت، ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش قاتارلىق جەھەتلەر-
دە ئەڭ ياخشى ھالەتنى ساقلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەمدە تۇرلۇك كېسەل-
لىكلەر بولمايلا قالماستىن، شۇ ئادەمنىڭ بەدەن سۇپىتى،
پسىخىك ساپاسى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدا-
رى قاتارلىق ئامىلارنىڭمۇ ساغلام، نورمال بولۇشىنى كۆر-
سىتىدۇ.

## 2. روھىي كېسەلنىڭ ھەممىسى «ساراڭمۇ»؟ روھىي كېسەلنىڭ تۇرلىرى قانچە خىل بولىدۇ؟

1948 - يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى فرانسىيىنىڭ
پارىژ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق
تېببىي ئىلىم يىغىنىدا تۇنجى قېتىم روھىي كېسەللىكلەرنى
تۇرگە ئايرىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن روھىي كېسەللىك-
لەرنىڭ تۇرى بارغانسېرى ئېنىقلىنىشقا، مۇكەممەللىشىشكە
قاراپ يۈزلەندى. 1985 - يىلدىن بۇيان دۇنيا سەھىيە تەش-
كىلاتى روھىي كېسەللىككە قارىتا يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەر-
تىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.
مەملىكىتىمىز 1988 - يىلى روھىي كېسەللىكلەر تۇرى-
نىڭ سىناق لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، روھىي كېسەللىك-
لەرنى تۆۋەندىكىدەك 14 چوڭ تۇرگە ئايرىدى.

1) مېڭە ئەزا خاراكتېرلىك روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچ-
راش.

2) بەدەن كېسەللىكلىرى پەيدا قىلغان روھىي توسقۇن-
لۇققا ئۇچراش.

3) روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلار پەيدا قىلغان
روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچراش.

4) ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى.
5) ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچ-
راش.
6) جاھىللىق خاراكتېرىدىكى روھىي كېسەل.
7) ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەل.
8) نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلى.
9) پسىخىك ئامىللار پەيدا قىلغان فىزىئولوگىيىلىك
فۇنكسىيىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى.
10) ئىنسان تەبىئىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى.
11) جىنسىي جەھەتتە پسىخولوگىيىلىك توسقۇنلۇققا
ئۇچراش.
12) روھىي پائالىيەت تەرەققىياتى ئاستىلاش.
13) ئۆسمۈرلەردىكى روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچراش كې-
سىلى.
14) باشقا تۈردىكى روھىي كېسەللەر.
دېمەك «ساراڭ» دەپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ئېلىشىپ
قېلىش كېسىلى» روھىي كېسەللىكنىڭ بىر تۈرى ھېسابلى-
نىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن يۇقىرىقىدەك ئاتاش خاتا.

## 2. خاراكتېر ۋە روھىي كېسەللىك

**خاراكتېر قانداق شەكىللىنىدۇ؟ قايسى خىل خا-
راكتېردىكى كىشىلەر ئاسان روھىي كېسەل بولۇپ
قالىدۇ؟**

ھەربىر ئادەمنىڭ سىرتقى تەسىرگە بولغان ئىنكاسى
ھەر خىل بولىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ چوڭ مېڭە قۇرۇلمىسى
ئوخشىمىغاچقا مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى پەرق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا ھەرخىل تەسىرگە ياكى غىدىقلىنىشلارغا نىسبەتەن، ئوخشىمىغان تەھلىللەرنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭغا ماس ھالدا كىشىلەردە ئوخشىمىغان تۇيغۇ، ئوخشىمىغان كەيپىيات، ئىنكاس ۋە ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. پەيدا بولغان بۇ خىل تۇيغۇ، كەيپىيات، ئىنكاس ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر خىل كىشىلەردە كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ۋە پەيدا بولۇشىنىڭ تېز - ئاستىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەردە ئوخشىمىغان پىسخىك پائالىيەت پەيدا بولۇپ، ئوخشىمىغان خاراكتېر شەكىللىنىدۇ.

ئىنسانلار ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدا ئېرق، مىللەت، ئىجتىمائىي جەمئىيەت قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان يېڭى بىلىم، تەسەۋۋۇر، ئەخلاق قارىشى، ئەمگەك ئىقتىدارى ۋە پوزىتسىيىسى، ئۆرپ - ئادەت ۋە ھەرىكەت مىزانى، ھېسسىيات ئىپادىلەش شەكلى، ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش يولى قاتارلىقلارنى تەبىئىي ھالدا شەكىللەندۇرىدۇ.

ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ مىجەز خۇلقىنى تەڭشەپ، ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئامىللار ئادەم خاراكتېرىنىڭ ھەر خىللىقىنى بەلگىلەيدۇ. خاراكتېرنىڭ ئۆزى كېسەلنى پەيدا قىلىدىغان بىۋاستە ئامىل ئەمەس. لېكىن ئاجىز، ئىچ مىجەز، باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ئىچى تار، ھەسەتخور، كۆرەلمەس كىشىلەردە ئۇنىڭدىن سىرت تېنى ئاجىز، سالامەتلىكى ناچار، ئىممۇنىت كۈچى تۆۋەن كىشىلەردە روھىي كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا

كۆپ بولىدۇ.

## 3. روھىي كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئامىللار

يېرىم ئەسىردىن بۇيان روھىي كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ئۇچرايدىغان ئېلىشىپ قېلىش ۋە ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

1) ئىرسىيەت ئامىلى.

ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدا ئوخشاش تۈردىكى روھىي كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى، نورمال ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن: شاڭخەي روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەركىزىي 1196 نەپەر ئېلىشىپ قالغان كېسەلنىڭ 54576 نەپەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 956 نەپەر كىشىدە روھىي كېسەل بايقىلىپ، روھىي كېسەللەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدە كېسەل بولۇش نىسبىتى 17.5‰، ئادەتتىكى نورمال كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدە كېسەل بولۇش نىسبىتى 2.8‰ بولۇپ، روھىي كېسەللەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدە ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئادەتتىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا 6 ھەسسە يۇقىرى بولغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

2) ساپا ئامىلى.

بەدەن ساپاسى ۋە پسىخىك ساپاسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاجىز، ئىچ مىجەز، باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ئىچى تار، ھەسەتخور، مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ياكى مەسىلىلەرنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئىش تۇتمايدىغان، نازۇك، سېزىمچانلىقى زىيادە كۈچلۈك بولغان كىشىلەرنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، بەدىنى ئاجىز، سالامەتلىكى ناچار، ئىممۇنىت كۈچى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى نورمال ئادەملەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

3) فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئامىللار.

يۇقۇملىنىش، زەھەرلىنىش، زەخىملىنىش، راك، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، مېتابولىزمنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ۋە ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىقلار بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئادەم مېڭىسىنىڭ نورمال تۈزۈلۈشى ۋە ئىقتىدارىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، روھىي توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ.

ھامىلە ۋاقتىدىن تارتىپ، بالىياتقۇ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كېسەل پەيدا قىلغۇچى بىئولوگىيىلىك ئامىللار، مەسىلەن: سوغان، سىفلىس، ئەيدىز قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ھامىلىدارلارنىڭ ھاراقنى كۆپ ئىچىشى، مەست قىلىش دورىسى، زەھەرلىك چېكىملىك ياكى ئۇيقۇ دورىسىغا بېقىنىپ قېلىشى، ھامىلىدارلاردا ئېغىر دەرىجىدە ئوزۇقلىنىش

ناچارلىق، كەم قانلىق، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، سۆي-دۈكتىن زەھەرلىنىش، ھامىلدارلىق تۇتقاقلىقى قاتارلىق كېسەللەرنىڭ بولۇشى ھەمدە تۇغۇت جەريانىدا ھامىلىنىڭ باش - مېڭىسى زەخىملىنىش، بالدۇر تۇغۇلۇش، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تۇنجۇقۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم ھامىلىنىڭ غەيرىيلىكى ياكى ئۆسۈپ - يېتىلىشىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئاسارىتى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشى ئاستا بولۇش، خاراكتېرى بىنورمال بولۇش ۋە روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچ-راشتىن ئىبارەت. بوۋاق مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىش-مەسلىك، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى، بوغما، كۆكيۆ-تەل، سكارلاتىنا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەر ھەم ۋىرۇس-لۇق مېڭە ياللۇغى، دورا، يېمەك - ئىچمەك، گازدىن زەھەرلىنىش، باش - مېڭە زەخىملىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر-نىڭ ھەممىسى تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىشى ھەم خاراك-تېر تەرەققىياتنىڭ نورمالسىزلىقى ۋە روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4 ) ئىجتىمائىي مۇھىت ئامىلى.

كىشىلەر ياشاش جەريانىدا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە يولۇقىدۇ، مەسىلەن: كەلكۈن، ئوت، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە باشقا ئۇرۇش، تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق ئادەمنىڭ ھاياتىغا بىۋاستە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئامىللار بە-زى كىشىلەردە روھىي كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ ئۇچرايدىغان ئائىلىدىكى خاپىلىقلار، گۈزەل ئار-زۇ - ئارمانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدىكى كۆپۈككە ئاي-لىنىشى، خىزمەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار، جۇدالىق ياكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھىجران ئازابىدا قىلىش، ئىغىر كېسەل، باشقىلارنىڭ كەمـ-
ستىشى، بوزەك قىلىشى، كۆزگە ئىلماسلىقى، ئۇزۇن
ۋاقىتلىق روھىي بېسىم، ئەنسىزلىك قاتارلىقلار ئورگانىزمـ-
نىڭ فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ،
پسىخولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىـ-
لىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇزۇن ۋاقىت مۇشۇ خىل ئەھۋاللارـ-
دىن قۇتۇلالماي روھىي كېسەل بولۇپ قالىدۇ.

5) ئورگانىزمنىڭ فۇنكسىيە ھالىتى.

ئاچارچىلىق، ئۇزۇن ۋاقىت ھەددىدىن ئارتۇق چارـ-
چاش، كېچە - كۈندۈز داۋاملاشقان جەڭ، قىيىن تۇغۇتتا
بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ خورىشى، ئۇيقۇسىزلىق، ھەددىدىن ئارـ-
تۇق روھىي جىددىيلىك، كۆپلەپ ھاراق ئىچىش، دورىغا
بېقىنىش قاتارلىقلار ئورگانىزم فۇنكسىيىسىنى ئاجىزلاشتۇـ-
رۇپ، ياللۇغلىنىش، خىزمەت ئۈستىدە زەخىملىنىش، ماـ-
شىنا ھادىسىسى ۋە ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكـ-
لەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھەيز كەلگەندە، ھامىلىدارلىق مەزگىـ-
لى ۋە تۇغۇت جەريانىدا ئاياللارنىڭ ئىچكى ئاجراتما ئىقتىداـ-
رىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك فىزىئولوگىيەـ-
لىك ئىقتىدارىدا روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاياللاردا ھەيز
دەۋرىيلىكى خاراكتېرلىك روھىي كېسەل ياكى تۇغۇتتىن
كېيىنكى روھىي كېسەللىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

# روهي كيسەلنىڭ ئالامەتلىرى

## روهي كېسەللىك ئالامىتى دېگەن نېمە؟

بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە، ھەرىكەت قاتارلىق جەھەتلەردە نورمالسىزلىق كۆرۈلسە كلىنىكىدا بۇنى روھي كېسەللىك ئالامىتى دەپ ئاتايمىز. ئادەمنىڭ نورمال روھي پائالىيىتى پسىخولوگىيىدە ھېسسىيات، ئىرادە، بىلىش قاتارلىق ئۈچ خىل پائالىيەتكە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل روھي پائالىيەت بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ماسلىشىپ تۇرىدۇ. ئايرىم مەۋجۇت بولمايدۇ.

## «بىلىش» قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

بىلىش پائالىيىتى بولسا سەزگۈ، تۇيغۇ، تەپەككۇر، دىققەت قىلىش، ئەستە ساقلاش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# 1. سەزگۈ ۋە سەزگۈنىڭ توسقۇن ـ لۇققا ئۇچرىشى

## 1. سەزگۈ دېگەن نېمە؟

سەزگۈ ـ تاشقى دۇنيادىكى، شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇسيەتلىرىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت.
سەزگۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشىنىڭ باشلى-
نىشى بولۇپ، ئەڭ باشلانغۇچ باسقۇچتىكى بىر خىل پسىخو-
لوگىيىلىك جەرياندىن ئىبارەت. مەسىلەن: شەيئىلەرنىڭ
شەكلى، رەڭگى، ئېغىرلىقى، پۇرىقى قاتارلىقلارنى سېزىش
جەريانى.

سەزگۇ يالغۇز بىر جەريان بولماستىن بەلكى تۇيغۇ
بىلەن بىرلىشىپ، ئاندىن ئادەم مېڭىسىدە ئىنكاس پەيدا
قىلىدۇ.

**2. سەزگۈنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنىڭ ئىپا-
دىلىنىش شەكلى قانچە خىل بولىدۇ؟**

1) سەزگۈنىڭ كۆچىيىشى (زىيادە سېزىمچانلىق) يې-
قىمسىز سېزىم پەيدا قىلمايدىغان ياكى يېنىك سىزىم پەيدا
قىلىدىغان غىدىقلاشلارنى كېسەللەر ناھايىتى كۈچلۈك ھېس
قىلىپ چىدىيالمايدۇ. بۇ خىل سەزگۈنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچ-
رىشى نېرۋا ئاجىزلىق، ھىستېرىيە، ھەيز كېسىلىش دەۋرى
يىغىندى ئالامىتى، يۇقۇملىنىشتىن كېيىنكى بەدەن ئاجىز-
لاش قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يېنىك شامال ئاۋا-
زى، گۈرۈلدىگەندەك ئاڭلىنىش.

2) سەزگۈنىڭ ئاجىزلىشى

كېسەللەر كۈچلۈك غىدىقلاشلارنى ئاران سېزەلەيدۇ يا-
كى تامامەن سەزمەيدۇ. تامامەن سەزمەسلىكنى سەزگۈنىڭ
يوقىلىشى دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل سەزگۈنىڭ توسقۇنلۇققا
ئۇچرىشى ھىستېرىيە، نېرۋا ئاجىزلىق، خامۇشلۇق ھالى-
تى، ياغاچتەك قېتىش ھالىتى قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. مە-
سىلەن: كۈچلۈك ئاغرىققا نىسبەتەن پەقەت يېنىك سېزىم

پەيدا بولىدۇ.

3) سەزگۈنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇشى

سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن غىدىقلاشلارغا قارىتا نورمال ئادەم بىلەن ئوخشاش بولمىغان ياكى قارىمۇ قارشى بولغان سەزگۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: پاختىنىڭ سۈركەلگەنلىكىنى كۆرسە، شۇ يەرنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلىش، سوغۇققا نىسبەتەن قىززىق سېزىم پەيدا بولۇش قاتارلىقلار.

4) ئىچكى ھېسسىيات خاراكتېرلىك بىئاراملىق

كېسەللەر ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىدە داۋاملىق بىر خىل يېقىمسىزلىقلارنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما بۇ خىل يېقىمسىزلىقنىڭ بەدىنىدىكى كونكرېت ئورنىنى تەسۋىرلەپ بېرىشى كۆپىنچە قىيىن بولىدۇ. بۇ خىل يېقىمسىزلىق كېسەللەردە بىئاراملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىللە كېسەللىكتىن گۇمان قىلىش خاھىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىچ ـ باغرىنى سۆغىرىۋەتكەندەك، مىجىۋەتكەندەك، بەدىنىدە قۇرت ئۆمىلىگەندەك سېزىم بولىدۇ. بۇ خىل سېزىمنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى، خامۇشلۇق كېسىلى، مېڭە زەخىملىنىشىدىن كېلىپ چىققان روھىي كېسەللىكتە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 2. تۇيغۇ ۋە تۇيغۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

### 1. تۇيغۇ دېگەن نېمە؟

تۇيغۇ— كونكرېت شەيئىلەرنىڭ تۇرلۇك ئالاھىدىلىكى

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى بىر پۈتۈن ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: بىر پارچە رەسىم، بىر تال قەلەم، بىر ئادەم قاتارلىقلار. بىر پارچە رەسىمگە نىسبەتەن سەزگۈ ئەزالاردا دەسلەپتە شۇ رەسىمنىڭ رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، يوپۇرماق ياكى گۈل بەرگىلىرىنىڭ سانىغا قارىتا سېزىم پەيدا بولىدۇ. ئارقىدىن بۇ ئايرىم خۇسۇسىيەتلەر بىرلىشىپ ئادەم مېڭىسىدە تۇيغۇ يەنى بىر پۈتۈن رەسىم (گۈلنىڭ رەسىمى) دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە بىز سەزگۈ بىلەن تۇيغۇنى ئايرىپ سۆزلىگەن بولساقمۇ، روھىي پائالىيەت جەريانى يەنى بىلىش جەريانىدا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن چەك - چېگرا بولمايدۇ، لېكىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ، سەزگۈ بىلىش جەريانىدىكى باشلانغۇچ پسىخولوگىيە جەريانى بولۇپ، تۇيغۇغا ئوخشاش باشقا مۇرەككەپ پسىخولوگىيە پائالىيەتلىرى سەزگۈنى ئاساس قىلىدۇ ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كېلىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ.

## 2. تۇيغۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى قايسىلار؟

1) خاتا تۇيغۇ

بىر خىل بۇرمىلانغان تۇيغۇ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت شەيئىلەرنى بۇرمىلاپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەيئى قىلىپ چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

خاتا تۇيغۇ نورمال كىشىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يەردىكى ئارغامچا ئىلاندەك كۆرۈنۈش، ئىشىك ئارقىسىغا ئېسىلغان پەلتو ئادەمدەك كۆرۈنۈش، ئورۇش دەۋرىدە تى-

ـرىپ قويغان قارانچۇقلار قارشى تەرەپكە ئەسكەردەك كۆرۈـ
نۈش قاتارلىقلار.
كلىنىكىدا خاتا ئاڭلاش ۋە خاتا كۆرۈش تۇيغۇسى كۆپ ئۇچرايدۇ. روھىي كېسەللەردە پەيدا بولىدىغان خاتا تۇيغۇ سەزگۇ ئەزالارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن خاتا ئاڭلاش، خاتا كۆرۈش، خاتا پۇراش، خاتا تېتىش، خاتا تېگىش ئىچكى ھېسسىيات خاراكتېرلىك خاتا تۇيغۇ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: كېسەلنىڭ ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى ئاسماندىكى ئۇـ چۇۋاتقان پەرىشتىدەك كۆرۈشى، ئۆي ئىچىدىكى چاك كەتكەن يەرلەرنىڭ چىرايلىق رەسىمدەك كۆرۈنۈشى، ئەمەتنىڭ سۆـ زى مەمەتنىڭكىدەك ئاڭلىنىش قاتارلىقلار.

2) خىيالىي تۇيغۇ

بىر خىل فانتازىيىلىك تۇيغۇ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەۋـ جۇت بولمىغان شەيئىلەرنى، كېسەلنىڭ مەۋجۇت دەپ ھېس قىلىشىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئادەم يوق ۋاقىتتا كېسەللەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تىللىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ ياكى دېرىزە تۈۋىدە ئادەم بارلىقىنى كۆرىدۇ.

## خىيالىي تۇيغۇ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟

خىيالىي تۇيغۇ كېسەلنىڭ ئوخشىمىغان سەزگۇ ئەزالىـ رىغا قاراپ خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى، خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى، خىيالىي پۇراش تۇيغۇسى، خىيالىي تېتىش تۇيـ غۇسى، خىيالىي تېگىش تۇيغۇسى، ئىچكى ئەزا خاراكتېرـ لىك خىيالىي تۇيغۇ، ھەرىكەت خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

(1) خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى

كىلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى-
نىڭ مەزمۇنى ھەر خىل بولۇپ، كېسەللەر ھەر خىل شەكىل
ۋە ھەر خىل تۈردىكى ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ. مەسىلەن: پاراڭ
قىلغان، چاقىرغان، ناخشا ئېيتقان، سىمسىز رادىئو ئاۋازى
قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە گەپ - سۆز خاراكتېرىدىكى
خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئاۋاز بىر قەدەر
ئوچۇق بولۇپ، ئەر ياكى ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق پەرق
ئېتەلەيدۇ، ئاۋازنىڭ تونۇش كىشى ياكى تونۇمايدىغان كىشى-
نىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئاۋاز-
نىڭ كەلگەن ئورنىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. خىيالىي ئاڭلاش
تۇيغۇسى ھەر خىل بولۇپ، بەزىدە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ
ئاۋازى ئاڭلانسا، بەزىدە بىر قانچە ئادەم ياكى بىر توپ
ئادەملەرنىڭ ئۆزى توغرىلىق مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭ-
لايدۇ. ئادەتتە ئۆزىگە بىۋاسىتە گەپ قىلىشىۋاتقاندەك ئاڭلىنى-
دۇ، بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى توغرۇلۇق
مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. مەزمۇنى ئادەتتە ئەيىپ-
لىگەن، زىتىغا تېگىدىغان، زاڭلىق قىلىدىغان ھەتتا تەھدىت
سالىدىغان گەپلەر بولىدۇ. تىللىغان ياكى بۇيرۇق قىلغان
خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ①
كېسەل ئەر، 33 ياش، ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپ-
تار بولغان. كېسەل دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن ناھا-
يىتى ئاچچىقلانغان ھالدا بالنىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ
يۈرىدۇ. بەزىدە تۆۋەن ئاۋازدا ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىدۇ،
يەنە بەزىدە «ئىتنىڭ بالىسى ··· سەن ئادەم ئەمەس ···
بۇزۇق» دەپ ۋارقىرايدۇ، دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە
ماسلاشمايدۇ. پسىخىكىلىق داۋالاش جەريانىدا كېسەل دوخ-

تۇرغا: «كۈندە بىرسى ماڭا توختىماي سۆزلەپ تۇرىدۇ، — ئۇ ماڭا ئايالىڭنىڭ سىرتتا بىرسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار… ساڭا سادىق ئەمەس، سەن ئوغۇل بالا ئەمەس» دېدى، دېگەن. ② كېسەل ئەر، 18 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن داۋاملىق كارىۋاتتىن قوپماي، بىر نەرسىنى تىڭشاۋاتقاندەك ياتىدۇ. كېسەل دوختۇرغا «ئۆيىنىڭ سىرتىدا بىرسى مەن توغرىلىق سۆزلەۋاتىدۇ، ئۇ مېنى سىنىپ بويىچە ئەڭ ئەسكى ئوقۇغۇچى … مەكتەپتىن چېكىندۇرۇش كېرەك … جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى ئۇنى تۇتۇپ كېتىش كېرەك» دەۋاتىدۇ، دېگەن، ھەم ئۆزى توغۇرلۇق گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنى ئىزدەپ دېرىزە سىرتىغا قاراپ، گەرچە ئادەم بولمىسىمۇ «مەن توغۇرلۇق سۆزلەشمەڭلار، ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىلەر» دەپ ۋارقىرىغان. ③ كېسەل ئەر، 26 ياش، دىئاگنوزى: بىرىنچىسى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى، ئىككىنچىسى ئوڭ، سول بىلەك سۆڭىكى سۇنغان. كېسەل دوختۇرخانىغا ئىككى قولى گېپىسلانغان ھالدا كىرگەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا كېسەل ئىككىنچى قەۋەتتىن سەكرىگەنلىكىنى دوختۇرغا ئېيتىپ بەرگەن. پسىخىكىلىق تەكشۈرۈش جەريانىدا كېسەل مۇنداق دېگەن «داۋاملىق قۇلىقىمغا بىرسى گەپ قىلىدۇ، مېنى ئۆزەم خالىمىغان ئىشقا بۇيرۇيدۇ، قىلمىسام تەھدىت سالىدۇ، داۋاملىق تامغا ئۇس، سەكرە، چاق دەيدۇ. مەن ئۆيدە تامغا نەچچە قېتىم ئۇسگەچكە مېنى ئۆيدىكىلەر دوختۇرخانىغا ئاپاردى. ئۇ ئاۋاز يەنىلا يوقالماي مېنى بىنادىن سەكرە دېدى، شۇڭا مەن ئىككىنچى قەۋەتتىن سەكرىدىم» . كېسەل دوختۇرخانىغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە

تامغا ئۇسسۇيدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇغان.

(2) خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى

كلىنىكىدا بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەزمۇنى بىر قەدەر كۆپ ھەم ھەر خىل بولىدۇ. كۆرگەن نەرسىلىرى ئۇچۇق، ئېنىق، كونكرېت بولىدۇ، يەنە بەزى كېسەللەردە غۇۋا كۆرۈنىدۇ. خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسىدا پەيدا بولغان سۇرەت ياكى سىما، مەلۇم بىر ئادەم ياكى نەرسىلەر ۋە ياكى مۇكەممەل بىر مەنزىرە بولىدۇ. كېسەللەردە پەيدا بولغان خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى ئادەتتىكى ھەقىقىي شەيئىگە قارىغاندا بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، يەنە بەزىدە ھەقىقىي شەيئىدىن كىچىك بولىدۇ. كۆرگەن سۇرەتنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىغا قاراپ ياكى مەزمۇنىنىڭ ئۆزگۈرۈشىگە قاراپ، مۇقىم خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى ۋە سەھنە خاراكتېرلىك خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى خىلى بولسا، كۆرگەن سۇرەتلەر ھەرىكەتسىز بولىدۇ. كېيىنكىسى بولسا، سۇرەتلەر خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ھەرخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسىدىكى سۇرەتلەردە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت شەيئىلەر كۆپ بولىدۇ. بەزى ۋاقىتتا مەسىلەن: كېسەل ئېغىر بىھوش ھالەتتە ياتقاندا ۋەھىملىك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولىدۇ. كېسەلنىڭ خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسىغا بولغان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزى كېسەللەر خىيالىي كۆرگەن سۇرەتكە ئۆزى قاتناشماي ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك بولىدۇ. يەنە بەزىدە ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان سۇرەتلەرنىمۇ كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلاردا پەيدا بولىدىغان ھېس ـ تۇيغۇ قىلىقلىرى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ① كېسەل ئەر،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

14 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇر بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيە-تىپ مۇنداق دەيدۇ، «كەچتە ئۇخلاۋاتسام، بىر ئايال ئۆينىڭ تورۇسىدا تۇرۇپ، ماڭا قاراپ سەت ھىجىيىدۇ، بەزىدە بۇ-ياققا كەل دەپ چاقىرىدۇ، ئۇ ئايال نۇردەك پارقىراق، لې-كىن رەڭسىز كۆرۈنىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۇنى تىللايمەن. بەزىدە دېرىزە سىرتىغا جىق ئادەم كېلىپ، بۇ يەرگە چىق دەپ ۋارقىرايدۇ، ئادەملەرنىڭ چىرايى بەك ئوچۇق كۆرۈنە-دۇ» . (شۇڭا كېسەل باشقىلارغا، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقان-دەك كۆرۈنىدۇ) ؛ ② كېسەل ئەر، 32 ياش، دىئاگنوزى: ھاراقتىن زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان روھىي كېسەل. دوختۇر كېسەل بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا كېسەل مۇنداق دەيدۇ، «مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۆيدە.ھاراق ئىچكەندە، كىرىسلو-نىڭ ئاستىدىن نۇرغۇن كىچىك ئادەملەر چىقىپ، پۇتۇمغا يامىشىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا بەك ئام-راق، مېنى ئۇلار چۇشىنىدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا جىق گەپ قىلىپ بېرىمەن ھەم ئۇلار بىلەن ئوينايمەن» . شۇڭلاشقا كېسەل باشقىلارغا ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋاتقاندەك، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

(3) خىيالى پۇراش تۇيغۇسى

ھېچقانداق غەيرىي پۇراق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كېسەلگە تاماق ياكى باشقا نەرسىلەر ئىنتايىن سېسىق، يې-قىمسىز پۇرايدۇ. مەسىلەن: كۆكىرىپ قالغان يېمەكلىك-لەرنىڭ، جەسەتنىڭ، كۆيۈكنىڭ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنىڭ ياكى خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ پۇراقلىرى كېسەلنىڭ بۇرنىغا پۇرايدۇ، پۇراقنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ئوخشىمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىر بولغاندا كىسەل تونجۇقۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ باشقا خىيالىي تۇيغۇ ياكى بىھۇدە خىيال بىلەن بىرگە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئۆزى پۇرىغان پۇراقلارنى ئەسكى كىشىلەر قەستەن پەيدا قىلغان دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش بىھۇدە خىيالىنىڭ كېسەلگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئادەتتە مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ چېكە بۆلىكى زەخىملەنگەن كېسەلدە ئالدىن كۆرۈلىدىغان ئالامەت خىيالىي پۇراش تۇيغۇسى بولىدۇ.

(4) خىيالىي تېتىش تۇيغۇسى

بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ روھىي كېسەللەردە ئاز ئۇچرايدۇ، كېسەل ئادەتتە يەۋاتقان يېمەكلىكلىرىدە غەيرى بىر خىل تەم بار، دەپ قارايدۇ، شۇ سەۋەبلىك كېسەل تاماق يېيىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ باشقا خىيالىي تۇيغۇ ۋە بىھۇدە خىيال بىلەن بىرگە پەيدا بولىدۇ.

(5) خىيالىي تېگىش تۇيغۇسى

بۇ كېسەلدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل توك سوقۇۋەتكەندەك، پىچاق تىقىۋەتكەندەك، قولىشىپ قالغاندەك، بەدىنىدە قۇرت ماڭغاندەك سېزىمدىن ئىبارەت. بۇ خىل خىيالى تۇيغۇ كوكائىندىن زەھەرلەنگەن كېسەللەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ زىيانكەشلىك قىلىش بىھۇدە خىيالى بىلەن بىرگە پەيدا بولسا، بىز ئۇنى «كوكائىن تەلۋىلىكى» دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلۈپلا قالماستىن، ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللەردىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(6) ئىچكى ئەزا خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ

بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ بەدەندىكى مەلۇم مۇقىم بىر ئەزا ياكى بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىنىڭ تولغىنىشۋاتقانلىقىنى، ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، تېشىپ كەتكەنلىكىنى ياكى قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئاشقازىنىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى دوختۇرلارغا ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ كۆپ ئەھۋاللاردا گۇمانخورلۇق بىھۇدە خىيالىي بىلەن بىرگە پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ ئىپىلېپ قىلىش كېسىلى، كلىماكتېرىيە دەۋرىدىكى روھىي كېسەللىك ۋە خامۇشلۇقتا كۆپ ئۇچرايدۇ.

(7) ھەرىكەت خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ

بۇ بەدەندىكى مەلۇم بىر ئەزا، مۇسكۇل، پەي، بوغۇم قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىيالىي تۇيغۇنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كېسەل ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى خۇددى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تەۋرىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بەزى كېسەللەر گەرچە كۆزى ئوچۇق تۇرسىمۇ كۆزى يۇمۇلۇپ قالغاندەك بىلىنىپ، ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆرمىگەندەك قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت يەنە بىرقانچە خىل ئالاھىدە خىيالىي تۇيغۇ بولۇپ، بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ ئىپىلېپ قىلىش كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(1) ئىنكاس خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ

بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ، كېسەلنىڭ مەلۇم بىر سەزگۈ ئەزاسى مەلۇم بىر شەيئىنى سەزگەندە يەنە بىر سەزگۈ ئەزاسىدا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئىشىكنىڭ يېپىلغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاۋازىنى ئاڭلىسا، دەرھال بىر ئادەمنىڭ ئىشىكنى يېپىۋات-
قاندەك كۆرۈنۈشىنى كۆرىدۇ. كېسەل مەلۇم بىر كىشىنىڭ
چۈشكۈرگىنىنى ئاڭلىسا، دەرھال ئۆزىنىڭ بېشىنىڭ مەلۇم
بىر يېرىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

(2) تەپەككۇرنىڭ جاراڭلىشى

كېسەل نېمىنى ئويلىسا سۆزلىگۈچى (خىيالىدىكى)
شۇنى دەيدۇ، يەنى خىيالىي تۇيغۇنىڭ مەزمۇنى شۇ كېسەل-
نىڭ ئويلىغان ئويى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن:
كېسەل ئۇسساپ كەتسە ياكى سۇ ئىچكىسى كەلسە «سۇ ئىچ!
سۇ ئىچ!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر
ئۇيقۇسى كەلگەندە «ئۇخلا! ئۇخلا!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاي-
دۇ.

(3) فۇنكسىيىلىك خىيالىي تۇيغۇ

كېسەل ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنى ھېس
قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز خىيالىي تۇيغۇنى بىر
ۋاقىتتا ھېس قىلىدۇ ھەم بۇ ئىككىسى بىر ۋاقىتتا يوقىلى-
دۇ، ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: ھاۋا گۈلدۈر-
لىسە ياكى چاقماق چاقسا كېسەلدە دەرھال «يامغۇر ياغىدىغان
بولدى» دېگەن خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. كېسەل قارغا
دەسسەپ ماڭغاندا ئاياق ئاستىدىن «غىچ، غىچ» قىلغان ئاۋاز
چىققاندا، كېسەلگە «سەن ئۆلىسەن، سەن ئۆلىسەن» دېگەن-
دەك ئاڭلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدىن باشقا خىيالىي تۇيغۇ يەنە خاراكتېرىگە قا-
راپ ساختا خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ ۋە ھەقىقىي خاراك-
تېرلىك خىيالىي تۇيغۇ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ھەقىقىي خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ

بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ ئەمەلىيەتتىكى شەيئى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ تاشقى دۇنيادىن كەلگەن بولۇپ، كېسەل سەزگۇ ئەزالىرى بىلەن بىۋاستە ھېس قىلىدۇ. كېسەل ئادەتتە «ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم» دەپ تورۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا كېسەلگە بۇنىڭ خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەك بەك قىيىن. كېسەل ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ ھەم خىيالىي تۇيغۇسىغا ماس ھالدا ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ.

(2) ساختا خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ

بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ كېسەلنىڭ بەدىنىدە ياكى مېڭە بوشلۇقىدا پەيدا بولىدۇ، سەزگۇ ئەزالىرى ئارقىلىق ھېس قىلالمايدۇ. كۆرۈنگەن كۆرۈنۈش، ئاڭلانغان ئاۋاز قاتارلىقلار ئانچە ئېنىق بولمايدۇ. مەسىلەن: كېسەل «مېڭەمنىڭ ئىچىدە بىر سىنىڭ گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازى جاراڭلاپ تۇرىدۇ» دەيدۇ.

**3. تۇيغۇ بىلەن سەزگۇنىڭ ئورتاق توسقۇنلۇقتا ئۆچرىشى دېگەن نېمە؟**

بۇ خىل توسقۇنلۇقتا ئۇچراش، تاشقى دۇنيادا مەۋجۇت بولغان مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىتا شۇ شەيئىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئوخشىمىغان باشقا بىرخىل خۇسۇسىيەتلەرنى ھېس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كېسەل، مەلۇم بىر شەيئىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى، رەڭگى، بوشلۇقتىكى ئورنى، ئارىلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئەسلىدىكىسى بىلەن ئوخشىمىغان ھالەتتە ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەلگە پۇت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىنىڭ تىك ـ تاك توپتەك كىچىك كۆرۈنۈشى ياكى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ كۆرۈنۈش.

**4. تۇيغۇ بىلەن سەزگۈنىڭ بىرگە توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنىڭ تۈرلىرى قانچە خىل بولىدۇ؟**

1) كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆزگۈرۈپ كېتىشى

كېسەلنىڭ تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ شەكلى چوڭ ـ كىچىكلىكى، ھەجىمىنى ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەلگە ئاپىسىنىڭ يۈزى چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك، كۆزلىرى كىچىكلەپ گازىردەك بولۇپ قالغاندەك، بۇرنى ناھايىتى چوڭىيىپ ئۆزىراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. كېسەل ئەر، 14 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرخانىدا يېتىشىنىڭ ئالدىدا مەكتەپكە بېرىشنى قەتئىي رەت قىلغان. كېسەلنىڭ دادىسى نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، كېسەل «مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرىنىڭ يۈزى بەك يوغىناپ كېتىپتۇ، يەنە بەزىلىرى سالپاڭ قۇلاق بولۇپ قاپتۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ چىشلىرى ناھايىتى يوغان، ئاغرى ھاڭدەك چوڭ تۇرىدۇ، ئۇلار ماڭا قاراپ ھىجىيىپ، مېنى زاڭلىق قىلىدۇ» دېگەن.

2) بوشلۇق تۇيغۇسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

كېسەل ئەتراپتىكى شەيئىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان تۇيغۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقاندا، گەرچە ئاپتوبۇس كەلگەن بولسىمۇ كېسەل ئاپتوبۇس بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىلىقى-

نى ناھايىتى يىراق دەپ ھېس قىلىدۇ، نەتىجىدە ئاپتوبۇسقا چىقالماي قالىدۇ.

3) ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدىكى تۇيغۇ ۋە سەزگۈنىڭ ئورتاق توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

كېسەل ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ھەرىكەت قىلمايدۇ، ھەتتا قېتىپ قالغان، جانسىز نەرسە دەپ ھېس قىلىدۇ ياكى ئەكسىچە ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەر كېسەلگە ئىنتايىن تېز، شىددەتلىك ئۆزگىرىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كېسەل ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزگىرىپ تۇتۇقلىشىپ كەتكەندەك، ئېنىق ئەمەستەك، ھەقىقىي ئەمەستەك ھېس قىلىدۇ، بۇ خىل ھادىسە «ساختا چىنلىق سېزىمى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەل «مەن ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، خۇددى بىر قەۋەت پەردە تارتىپ قويغاندەك، ھەممىسى يالغاندەك بىلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ خىل روھىي كېسەللىك ئالامىتى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى، زەھەرلىنىش ياكى مېڭە زەخىملىنىشتىن كېلىپ چىققان روھىي كېسەللەردە كۆرۈلىدۇ.

4) ئۆزىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن تۇيغۇ ۋە سەزگۈسىنىڭ ئورتاق توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

كېسەلنىڭ، بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ياكى پۈتۈن گەۋدىسىنى ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەل پۇت - قوللىرى ئۈزۈلۈپ ياكى قىسقىراپ قالغانلىقىنى، ئېغىرلاپ ياكى يېنىكلەپ قالغانلىقىنى، سەمرىپ ياكى ئورۇقلاپ قالغانلىقىنى، تۇرقى ۋە رەڭگى - روھىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزى كېسەللەر ئۆزىنى ئىنتايىن يېنىكلەپ كەتتىم، شامال ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدۇ، دەپ ھېس قىلىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر قولىنى ئىنتايىن ئۇزىراپ كەتكەندەك، بىر سوزسىلا ئۆينىڭ تورۇسىغا يېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر يۈزىنى ئىنتايىن سەتلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، داۋاملىق ئەينەككە قارايدۇ.

## 3. تەپەككۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

### 1. تەپەككۇر دېگەن نېمە؟

تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ ئەقلىي خۇلاسە ياكى ھۆكۈم ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ۋاستىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى. تەپەككۇر پائالىيىتى سەزگۈ ۋە تۇيغۇ ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ماتېرىياللارنى مېڭىدە تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەپەككۇر سۆز ۋە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

نورمال ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرى مۇنداق بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) كونكرېتلىققا ئىگە؛

2) مەلۇم بىر مۇددىئا ياكى قاراتمىلىققا ئىگە؛

3) چىنلىققا ئىگە؛

4) ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە؛

5) لوگىكىلىقتا ئىگە؛

## 2. تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراش دېگەن نېمە؟

تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى روھىي كېسەللەردە كۆپ ئۇچرايدۇ ھەم ھەر خىل بولىدۇ. تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى شەكىل جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچراش ۋە مەزمۇن جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچراش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ شەكىل جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى تەپەككۇر باغلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى، تاشقى قىياپەت ۋە ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتسىز باغلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەپەككۇرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى بولسا، بىھۇدە خىيال، قىممەتتىن ھالقىغان ئۇقۇم ۋە مەجبۇرلاش ئۇقۇمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. تەپەككۇر باغلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

1. تەپەككۇر باغلاشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ مىقدار ۋە سۈرئەت جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى.

(1) تەپەككۇرنىڭ ئۇچۇشى (تەپەككۇر ئىنتايىن تېز بولىدۇ)

بۇ بىر خىل ھاياجانلىنىش خاراكتېرىنى ئالغان تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىقى تەپەككۇر جەريانىدا بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ

مەزمۇنىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تېز سۇرئەتتە ئۆزگىرىشىنى كۆر-سىتىدۇ. كېسەلنىڭ باغلاشتۇرۇش جەريانى ئاجايىپ تېز بولۇپ، مېڭىسىدە يېڭى ئۇقۇملار توختىماي پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولىدۇ. گەرچە تەپەككۇر بەلگىلىك مەقسەتكە ئىگە بولسىمۇ، داۋاملىق ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بى-رەر مەزمۇننى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ. كۆز ئالدىدا قايسى بىر خىل كۆرۈنۈش پەيدا بولسا، شۇ كۆرۈنۈش توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. مەسىلەن: قۇتراش ـ خامۇشلۇق تىپ-لىق روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان مەلۇم بىر كېسەل ئۆيىدە دادىسى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتسا، تېلېۋىزوردا چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى توختىماي سۆزلەپ تۇرىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاپىسى سىرتتىن سەي ـ كۆكتات كۆتۈرۈپ كىرسە سەي ـ كۆكتات توغۇرلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ كېتى-دۇ. بۇ خىل كېسەللەر ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ـ يوق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىدۇ. پەقەت ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ، باشقىلار نېمە دېسە شۇ سۆزگە ئارىلىشىدۇ. مە-سىلەن: ① بىر كېسەل «مېنىڭ مېڭەم بەك ئىشلەپ كېتى-ۋاتىدۇ، ھازىر قولۇمغا قەلەم ئالسام نۇرغۇن ھېكايە، پو-ۋېستلارنى يېزىۋېتەتتىم، ئويلىغىنىمنى ئاغزىمدا دەپ ئۈلگۈ-رەلمەيمەن» دېگەن. كېسەل ئايال، 23 ياش، خەنزۇ، ئىش-چى، دىئاگنوزى: قۇتراش ـ خامۇشلۇق تىپلىق روھىي كېسەلنىڭ قۇتراش ھالىتى. كېسەل دوختۇر ئىشخانىسىغا روھىي كۆتۈرەڭگۈ ھالدا كىرىپ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ: «مېنىڭ ئىسمىم xxx، بۇ يىل 23 ياش» دېگەن، دوختۇر كېسەلدىن «بەك خوش كۆرۈنىسىزغۇ؟» دەپ سورىسا، كې-

سەل دەرھاللا قوللىرىنى ئوينۇتۇپ: «مەن ئەلۋەتتە خو-
شال، چۈنكى مېنىڭ كاللام ناھايىتى ياخشى ئىشلەيدۇ، مەن
تۇگىمەس كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، مەن سىلەرگە رەھمەت
ئېيتىش يۈزىسىدىن بىر كوبلىت شېئىر ئوقۇپ بېرەي» دەپ
بىر كوبلىت شېئىر ئوقۇپ، ئۇسۇل ئويناپ كەتكەن. دەل
شۇ ۋاقىتتا ياشانغان بىر دوختۇر بۆلۈمگە كىرگەندە كېسەل
دەرھال ئوقۇۋاتقان شېئىرىنى، ئويناۋاتقان ئۇسۇلىنى توخ-
تىتىپ، دىققىتىنى دەرھال ياشانغان دوختۇرغا بۇراپ «مەن
بىر قاراشتىنلا سىزنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكى-
ڭىزنى ھېس قىلدىم، سىز چوقۇم 100 ياشتىن ئارتۇق
ئۆمۈر كۆرىسىز، تەلىيىڭىز بار ئىكەن» دەپ سۆزلەپ كەت-
كەن.

(2) تەپەككۇرنىڭ ئاستىلىشىشى

بۇ تەپەككۇرنىڭ ئۇچۇشنىڭ ئەكسى بولۇپ، بۇ خىل
تۇسقۇنلۇققا ئۇچراشتا كېسەلنىڭ تەپەككۇر جەريانى ئاستى-
لايدۇ، باغلاشتۇرۇشى قىيىنلىشىپ، ئىنكاسى ئاستىلايدۇ،
مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا قىيىنىلىدۇ. يۇقىرىقىلار
ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا كې-
سەلنىڭ سۆزلىرى ئاددىي، گېپى ئاز بولۇپ، ئېزىلەڭگۈ-
لۈك بىلەن سۆزلەيدۇ، ئاۋازى تۆۋەن چىقىدۇ، سۆھبەتلى-
شىش جەريانىدا، سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە ناھايىتى قىيىن-
لىدۇ. گەرچە نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ بىر
مەزمۇننى خېلى بىر ۋاقىتتىچە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ
خىل ئالامەت خامۇشلۇق كېسىلىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسى-
لەن: كېسەل سۆھبەتلەشكەندە سوئالغا دەرھال جاۋاب بېرەل-
مەي، بىردەم تۇرۇۋېتىپ «كاللام ئىشلىمەس بولۇپ قالدى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنكاسىم ئاستا» دەپ ئازابلىنىدۇ، ئىچى تىتىلدايدۇ، جىددىيلىشىدۇ.

(3) تەپەككۇرنىڭ يېتەرسىزلىكى (كەملىكى)

گەرچە بۇ خىل ئالامەت يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تەپەككۇرنىڭ ئاستىلىقى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بار. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تەپەككۇرنىڭ مەزمۇنى مەنىسىز، ئۇقۇم ۋە سۆزلەر كەمچىل بولىدۇ. مەسىلەن: سورىغان ھەر قانداق سوئاللارغا «پەقەت بىلمەيمەن … ھېچ ئىش يوق» دەپ مۇشۇ تەرىقىدىلا جاۋاب بېرىدۇ. ئادەتتە كېسەللەر تەشەببۇسكار ھالدا بىرسى بىلەن مۇڭداشمايدۇ، ئادەمدىن قاچىدۇ. دوختۇرلار ئۇلاردىن قايتا ـ قايتا سورىغاندا «مېڭەمنىڭ ئىچى قۇپ ـ قۇرۇق، ھېچنىمە يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى ئادەتتە ھېسسىياتنىڭ سۇسلىشىشى، ئىرادىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ ئۈچ ئالامەت ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالامىتىدۇر.

(4) پاتولوگىيە خاراكتېرلىك ئارتۇقچە سۆزلەش

كېسەل بىرەر شەيئى ئۈستىدە سۆزلىگەندە بەزىبىر ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئىنتايىن تەپسىلىي، بىرمۇ بىر زېرىكمەي سۆزلەپ، زۆرۈر بولمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىدۇ. باشقىلار ئاڭلىسا، كېسەل قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىدىغاندەك بىلىنىدۇ، كېسەلنىڭ سۆزلەۋاتقان تېمىسىنى قۇرۇق گەپ ئىگىلەپ كېتىدۇ، بۇ خىل ئالامەت تۇتقاقلىق كېسىلىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئەر، 44 ياش، دىئاگنوزى: دۆۋەڭلىك. دوختۇر كېسەلدىن «سىلەر سائەت قانچىدە زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەيسىلەر» دەپ سورىسا كېسەل مۇنداق

دېگەن: «مەن ھەر كۈنى سائەت يەتتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈزۈمنى يۇيۇپ، ئاغزىمنى چايقاپ، ئاندىن زاۋۇتنىڭ ئۇدۇ-لىدىكى قايناق سۇخانىدىن چاي ئالىمەن. ئۇ يەردىكى سۇ بەك قىزىق، قايناق سۇخانىنىڭ دېجورنىخانىسىدا بىر قېرى ئىش-لەيدۇ، ئۇ ھازىر 60 نەچچە ياشقا كىردى، ئۇنىڭ بىر بالىسى بار، 8 ~ 7 ياشقا كىردىمىكىن، بالىنىڭ ئاپىسى داۋاملىق بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بالىنى كۆرگىلى كې-لىدۇ. سېۋەتتىدە يەيدىغان نەرسىلەر بار، مەن ئۇنى چاي ئالغىلى بارغان چاغدا كۆرگەن. يۈزۈمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشخانىدا تاماق يەيمەن، ئادەم كۆپ، ئۆچىرەتتە تۇرىمەن. مەن ھەر كۈنى بىر قاچا شويلا، 2 موما ۋە بىر كىچىك تەخسە سوغۇق سەي يەيمەن، ئىشچىلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تىك - تاك توپ ئوينايدۇ. مەن ئويناشنى ئۇقمايمەن. شۇڭا مەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئىشقا بارىمەن. سائەت سەككىزگە ئاز قالغاندا ئىشقا چۈشۈپ كېتىمىز...».

2. تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشنىڭ باغلىنىش جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى.

(1) تەپەككۇرنىڭ چېچىلاڭغۇلىقى

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېسەلنىڭ تەپەككۇرىنىڭ باغلاشتۇرۇشى ئاجىزلاپ، مەزمۇ-نى چېچىلاڭغۇلىشىدۇ، مەسىلىنىڭ نۇقتىلىق يېرىنى ئېي-تىپ بېرەلمەيدۇ. گەپ قىلغاندا لوگىكىلىق باغلىنىشى بول-مايدۇ. باشقىلار كېسەل بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ قىيىنلى-قىنى ھېس قىلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا تەپەككۇرنىڭ بۆزۈلۈشى-غا تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئەر، 22 ياش،

ئوقۇغۇچى، دىئاگنوزى: ئىلىشىپ قېلىش كېسىلى. دوختۇر كېسەلدىن «قايسى مەكتەپتە، نېمە كەسىپتە ئوقۇيسىز» دەپ سورىسا، كېسەل «مەن قايسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن؟ ئۆيدىكىلەر ماڭا ياخشى كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، تونۇگۇن بالىلار بىلەن كىنو كۆرگىلى بارغان ئىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

(2) تەپەككۇرنىڭ بۇزۇلۇشى

كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى ئېنىق ۋاقىتتا تەپەككۇر باغلاشتۇرۇش جەريانى بۇزۇلىدۇ، تەپەككۇر مەزمۇنىنىڭ ئۆز-ئارا باغلىنىشى ۋە لوگىكىلىقى كەمچىل بولىدۇ. يېزىق ۋە سۆھبەتلىشىش جەريانىدا كېسەلنىڭ يەككە جۈملىسى قۇرۇلما ۋە گرامماتىكا جەھەتتىن توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تېما بىلەن ئاساسىي تېما ئوتتۇرىسىدا، جۈملە بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنىش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەتراپتىكى كىشىلەر، كېسەلنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدۇ ياكى چۈشىنەلمەيدۇ. مەسىلەن: دوختۇر كېسەلدىن «سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە» دەپ سورىسا، كېسەل دوختۇرغا «سىز دەرس ئۆتىۋاتىسىز ... سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتىدۇ ... تۇرمۇشىمىز باياشات ... باشقىلار ئىنتايىن خۇشال ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

(3) تەپەككۇرنىڭ ئىزچىل بولماسلىقى

گەرچە بۇ ئالامەت تەپەككۇرنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى كېسەلنىڭ ئېڭى تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئەر، 63 ياش، خەنزۇ، دىئاگنوزى: ياشانغانلاردىكى دېۋەڭ-

لىك كېسىلى. كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ئەمەس.
ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە ئىنكاسى يوق، دوختۇر كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ، كېسەل ھېچنىمە كۆرمىگەندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ «سەن نېمە دېمەكچى ... ئۆي دېگەن ئۆي ... ياق بولمايدۇ ... ئامال يوق ... دادامنىڭ دادىسى ...» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان. دوختۇر كېسەلدىن «فامىلىڭىز نېمە» دەپ سورىسا، كېسەل «ئىسمىم XX، ھەر قايسى جايلاردا ھەر قانداق ئورۇندا ئادەمگە ئۆزگىرەلەيمەن ... بىر پۇتۇم بىلەن ئالەم كېزەلەيمەن ... ئۇ ياخشى بالا ... كۆپرەك يېگىن ... تۇگىدى ... ۋايجان ... بومبا ... شۇنداق ...» دېگەن.

(4) تەپەككۇرنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشى

كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ھەم ھېچقانداق سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، سۆزلەۋېتىپ، تۇيۇقسىز توختاپ قالىدۇ ياكى پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا مەزمۇنى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ئۈزۈلۈپ قېلىش كېسەلنىڭ ئۆزىنىڭ كونتروللىقىدا بولمايدۇ.

(5) تەپەككۇرنىڭ توپلىنىشى

يەنە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، كېسەلنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا نۇرغۇنلىغان يېڭى تەپەككۇر ۋە يېڭى ئوي پىكىرلەرنىڭ مەجبۇرىي ھالدا كېسەلنىڭ چوڭ مېڭىسىدە پەيدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر داۋاملىق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۇيۇقسىز يوقىلىدۇ. بۇ ئالامەت ئېلىنىشىپ قېلىش كېسىلى، تارقىلىشچان مېڭە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىر كېسەل دوختۇرغا «كاللام تۇيۇقسىز قالايمىقان-

لىشىپ كەتتى. ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايۋاتىمەن. ئويلىـ
غان ئىشلىرىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ··· تەرتىپىمۇ
يوق ··· مەغرۇپتىن مەشرىققىچە، مەشرىقتىن مەغرۇپقىچە
بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كاللامغا كىرىۋالىدۇ. ھازىر
بىر ئىشنى ئويلاپ تۇرسام، يەنە بىر ئىش كاللامغا كىرىۋالىـ
دۇ» دېگەن.

3. تەپەككۇرنىڭ لوگىكا جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچـ
رىشى.

(1) سىمۋوللاشتۇرۇلغان تەپەككۇر

كېسەلنىڭ، بىر قىسىم ناھايىتى ئاددىي ئۇقۇم، سۆز
ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق، مەلۇم بىر ئالاھىدە ئۆزىدىن باشقا
ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان مەنانى ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.
بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن: كېسەل ئەر، 34 ياش، خەنزۇ، دىئاگنوزى:
ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرخانىدا ئىككى
قولىنى ئوينۇتۇپ، بەزىدە سول پۇتىنى ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈستىـ
گە ئېلىۋالىدۇ. يەنە بەزىدە ئوڭ پۇتىنى سوڭ پۇتىنىڭ
ئۈستىگە ئېلىۋالىدۇ. بەزىدە بېشىنى ئىككى قولى بىلەن
تۇتىۋالسا، بەزىدە قورسىقىنى تۇتۇۋالىدۇ. كېسەل بۇ خىل
ھەرىكىتىگە نىسبەتەن چۈشەندۈرۈش بەرمەيدۇ، باشقىلارنىڭ
نەسھەتىنى ئاڭلىمايدۇ ياكى بۇ خىل ھەرىكىتى توختىمايدۇ.
كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانغاندا ئۇ يۇقىرىقى ئىشلارنى ئەسـ
لەپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سول قولۇم پۇتۇن ۋۇجۇدى
بىلەن خەلققە خىزمەت قىلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوڭ
قولۇم بولسا: خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا
ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىككى قولۇمنى پۇلاڭلاتقىنىم، كۆپچىـ

لىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىنىمنى بىلدۈرىدۇ. سول پۇتۇم ئامىىغا تايىنىشقا، ئوڭ پۇتۇم قەدىمنچىلىقنى يېڭىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سول پۇتۇمنى ئوڭ پۇتۇمنىڭ ئۈستىگە قويغىنىم، كۆپچىلىككە تايىنىپ قىيىنچىلىقنى يەڭگىنىمنى، ئوڭ پۇتۇمنى سول پۇتۇمنىڭ ئۈستىگە قويغىنىم بولسا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئامىىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككى قولۇم بىلەن قورسىقىمنى تۇتقىنىم، خەلقنى قوغدىغانلىقىمنى، بېشىمنى تۇتقىنىم بولسا، رەھبەرلىكنى قوغدىغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ» دېگەن.

(2) يېڭى سۆز، ئىبارىلەرنى ئىجاد قىلىش

كېسەل بىر قىسىم خەت، شەكىل ۋە بەلگىلەرنى ئىجاد قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئالاھىدە بىر مەنالارنى يۈكلەيدۇ. بەزىدە ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بىر نەچچە ئۇقۇم ياكى چولتا سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر مەناغا ۋەكىللىك قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: كېسەل قۇياشنىڭ ئەتراپىغا بىر چەمبىرەك سىزىپ، بۇ رەسىمنى دوختۇرغا بەرگەن، دوختۇر «بۇ نېمە» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئوتتۇرىسىدىكى قۇياش، ئەتراپىنى ئوراپ قويغىنىم بولسا، كەچ بولدى دېگەنلىكنى، سىزگە بېرىدىغىنىم سەۋەب، كەچ بولدى ئىشتىن چۈشۈڭ دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دېگەن.

(3) تەتۈر لوگىكىلىق تەپەككۇر

كېسەلنىڭ، تەپەككۇر جەريانىدا خاتا، چۈشىنىكسىز، غەيرىي بىر يەكۈن چىقىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئەر، 22 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلى. كېسەل مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان «ئادەم تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھايۋاندىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، شۇڭ-لاشقا ئادەملەر گۆش يېسە بولمايدۇ، يەنە چوڭقۇرلاشتۇر-ساق، ھايۋانلار ئۆسۈملۈكتىن تەدرىجى تەرەققىي قىلغان، شۇڭا، كۆكتات يېمەسلىك كېرەك. ئۆسۈملۈكلەر بولسا، يەردىن ئۈنۈپ چىققان، شۇڭا، يەرگە دەسسىمەسلىك كې-رەك».

(4) سوفىزىملىق تەپەككۇر

تەپەككۇر باغلاشتۇرۇش جەريانىدا تاشقى كۆرۈنۈش ۋە ئۇقۇمنىڭ لوگىكىلىق دەلىللەش جەريانىدىكى باغلىنىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلى-كى شۇكى، كېسەل ئەمەلىي مەنىسى ۋە قىلچە ئاساسىي بولمىغان سۆز ۋە سەپسەتىلەرنى توختىماي سۆزلەيدۇ. باش-قىلارنىڭ تەنقىدى پىكرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، لېكىن سۆزلى-رىنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى نورمال بولىدۇ. مەسى-لەن: كېسەل ئەر، 24 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل ئۆزىنى يېڭى پەلسەپۋى بىلىملەرنى ئىجاد قىلغۇچى ۋە چۈشەندۈرگۈچى دەپ ئاتىغان. كېسەل مۇنداق دېگەن: «بىز تۇخۇمنى بەلگىلىك شارائىتتا چۈجىگە ئايلىنىدۇ دېسەك، ئۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنى بايقىغان بولىمىز، دېمەكچى بولغىنىمىز چۈجە بولسا، تۇ-خۇمنىڭ ئۆزى شۇ، ئۇ ئاقسىل شەكلىدە چۈجىگە ئايلانغان تۇخۇم، بىز پەقەت تۇخۇمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتساق، ئۇنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنى تونۇغان بولىمىز ... تۇخۇمنىڭ چۈجىگە ئايلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختال-ساق، بىز چۈجىگە ئايلىنىش جەريانىنى بىلگەن بولىمىز،

جۇملىدىن ئاددىي ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تاپقان بولىمىز».

4. تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ شەكىل جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى.

(1) ئۇدا قىلىنىدىغان سۆز

پاتولوگىيىلىك ئارتۇقچە سۆزلەش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا كېسەل بىر سۆزنى توختىماي دەۋېرىدۇ، يېڭى بىر سۆزگە يۆتكەلمەيدۇ. بىرىنچى قېتىم سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، كېيىن سورالغان سوئاللارغا بىرىنچى قېتىمقى سوئالغا ئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن: دوختۇر كېسەلدىن «سەن بۈگۈن نېمە ئىش قىلماقچى؟» دەپ سورىسا، كېسەل «كېسەل كۆرسىتىمەن» دەيدۇ. ئارقىدىن دوختۇر يەنە نۇرغۇن سوئاللارنى سورىسا، ئوخشاشلا «كېسەل كۆرسىتىمەن، كېسەل كۆرسىتىمەن» دېگەن ئىككى سۆزنىلا تەكرارلايدۇ.

(2) قايتىلانما سۆز

كېسەل پەقەت سۆزلىگەن بىر جۈملە سۆزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدۇ. كېسەل گەرچە بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ: «بۇ يەر قەيەر، قەيەر، قەيەر ...» دەپ تەكرارلاۋېرىدۇ.

(3) ئادەت بولۇپ قالغان سۆز

كېسەل توختىماستىن ئەھمىيەتسىز، مەنىسى يوق ئوخشاش بىر سۆزنى قايتىلايدۇ. مەسىلەن: كېسەل قايتا ـ قايتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مېنى ئوپېراتسىيە قىلىڭلار، ئوپېراتسىيە قىلىڭلار، ئوپې-راتسىيە قىلىڭلار!» دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە كېسەلدە ئوپېراتسى-يە قىلغۇدەك ھېچبىر كېسەللىك يوق.

(4) دورالغان سۆز

كېسەل ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئەينى دورايدۇ. مەسىلەن: دوختۇر كېسەلدىن «ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورىسا، كېسەل دوختۇردىن «ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورايدۇ. دوختۇر يەنە كېسەلدىن «بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سورىسا، كېسەل دوختۇرنى دوراپ «بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سورايدۇ.

يۇقىرىقىدەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆپ ھاللاردا ئا-دەت بولۇپ قالغان ھەرىكەت، دورالغان ھەرىكەت بىلەن بىر-گە پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى-نىڭ جىددىيي تىپىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 4. تەپەككۇر مەزمۇنىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرى-شى

1. بىھۇدە خىيال دېگەن نېمە؟

ئۇ، بورمىلانغان، ئەمەلىيەتكە ئويغۇن بولمىغان بىر خىل چۈشەنچە، مۇۋاپىق بولمىغان ھۆكۈم قىلىش ۋە خاتا خۇلاسە چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇنداق خاتا خۇلاسە ۋە ھۆ-كۈملەر كېسەلنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە ئويغۇن كەلمەي-دۇ. شۇنداقلا كېسەلنى ئەمەلىيەت بىلەن قايىل قىلىش، چۈشەندۈرۈش، تۈزەتكۈزۈش قىيىن بولۇپ، كېسەل ئۆزى-نىڭ خىيالغا قارىتا قەتئىي تەۋرەنمەس ئىشەنچىدە بولىدۇ. نورمال كىشىلەردىمۇ بىھۇدە خىياللار بولىدۇ، لېكىن ئۇلار

ئەمەلىيەتتىكى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال تۈزىتىۋا-
لىدۇ. K. Jas. pers بىھۇدە خىيالنى بىرلەمچى بىھۇدە خىيال
ۋە ئىككىلەمچى بىھۇدە خىيال دەپ ئىككىگە ئايرىغان. بىر-
لەمچى بىھۇدە خىيال ھەر خىل پسىخىك پائالىيەت ۋە روھىي
غىدىقلىنىشلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا پەيدا بولىدۇ. ھا-
زىرغىچە پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئېنىق ئەمەس. ئىككىلەم-
چى بىھۇدە خىيال بولسا خاتا تۇيغۇ، خىيالىي تۇيغۇ ياكى
ھېسسىيات ئامىلى مەسىلەن: قاتتىق تەسىرلىنىش، قور-
قۇش، كەيپىياتى تۆۋەن بولۇش ياكى كەيپىياتى يۇقىرى
بولۇش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىقى
ئەھۋاللار يوقالسا بىھۇدە خىيالمۇ تەدرىجىي يوقىلىدۇ.

2. بىھۇدە خىيال كلىنىكىدا قانچە خىلغا ئايرىلىدۇ؟

(1) مۇناسىۋەت خام خىيالى

بۇ خىل خام خىيال يەنە ئەگەشمە ئۇقۇم دەپمۇ ئاتىلى-
دۇ. كېسەل ئەتراپتىكى ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق
ئىشلارنى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. گېزىت
- ژۇرناللاردىكى ماقالە، تېلېۋىزور، رادىئولاردىكى نۇتۇقلا-
رنى ئۆزى توغرىلىق سۆزلەنگەن، دەپ قارايدۇ ھەم باشقىلار-
نىڭ يۆتىلىشى، تۈكۈرۈشى، ئىشىكنى يېپىشىنىڭ ھەممى-
سىنى ئۆزىگە قارىتىلغان، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ①
كېسەل ئەر، ئۇيغۇر، 23 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ
قېلىش كېسىلى. كېسەلنىڭ ئۆيدىكىلەر دوختۇرغا مۇنداق
دېگەن: «كېسەل ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا قوشنىمىزنىڭ ئى-
شىكنى ياپقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خاپا بولۇپ، ئۇ مېنى
كۆزىگە ئىلمايدۇ؛ ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ، ئىشەنمىسەڭلار
ئۆيىگە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار چوقۇم مېنىڭ غەيۋى-

www.uyghurkitap.com

تىمنى قىلىۋاتىدۇ، دېدى، 10 ~ 5 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرىقى گەپلەرنى تەكرارلاپ ئاچچىقلىنىپ، قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى». ②

كېسەل ئايال، 36 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل كېسىلى ياخشىلانغاندىن كېيىن دوختۇرغا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن: «مەن 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىدارىغا بېرىپ، ئىشخانامغا كىرسەم، بىر قانچە خىزمەتداشلىرىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، مېنىڭچە ئۇلار چوقۇم مېنىڭ گېپىمنى قىلدى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. لېكىن گەپلىرىگە زەن قويسام، ئۇلار قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا دېگەندەك قىلىپ، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. مەن چىدىيالماي يىغلىۋەتتىم. خىزمەتداشلىرىم كېلىپ كۆڭۈل بۆلۈپ، نېمە بولدىڭىز، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ دەپ سورىدى، مەن ئۇلارنى قەستەن زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا، مەن تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدىم. شۇ مەزگىللەردە ناھايىتى جىددىيلىشىپ يۈردۈم، كۆڭلۈم پەقەتلا خوش بولۇپ باقمىدى. بىر قېتىم خەلق گېزىتىدىن ھايۋاناتلارنى قانداق بېقىش توغرىسىدىكى ماقالىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ ۋاقىتتا گېزىتتە سۆزلەنگەن ھايۋاننى ماڭا ئوخشاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى ... ھازىر ئويلىسام بەك كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ خىيالىم راستتەك بىلىنەتتى».

### (2) ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بىھۇدە خىيال

بۇ خىل بىھۇدە خىيال يۇقىرىقى بىھۇدە خىيال ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئۆزى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغاندىن سىرت، يەنە ئالاھىدە مەناغا ئىگە دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئايال، 58 ياش، دىئاگنوزى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ دىۋەڭلىك مەزگىلى. كېسەلنىڭ ئوغلى كېسەلگە «قورقۇنچلۇق جىلغا» دېگەن رومانىنى ئەكىلىپ بەرسە، كېسەل «مېنى ئوغلۇم مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى» دەپ قارىغان. ئىدارىدىكىلەر پېنسىيىگە چىققان كېسەللەرنى، ئىنقىلاۋى قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇرغىلى ئاپارغاندا، كېسەل «مېنى ئۆلۈم يولىنى تاللا دەپ ئەكەلدى» دەپ چۈشەنگەن.

(3) قەستكە ئۇچراش بىھۇدە خىيالى

كلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. كېسەل سەۋەبسىز لا مەلۇم بىر ئادەم ياكى مەلۇم بىر گۇروھنى ئۆزىنى قەستلىدى، ھۇجۇم قىلدى، ئىشلىرىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: كېسەل، باشقىلارنى تامىقىمغا زەھەر سېلىپ قويدى، مېنى بىرسى كۆزىتىۋاتىدۇ، مېنى قەستلەشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ... دەپ قارايدۇ. ① كېسەل: ئەر، ئۇيغۇر، 18 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل ئۆيىدە قولىغا پىچاق ئېلىۋېلىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقمىغان. تاماق يېگىلى ئۇنىمىغان، يۇيۇنمىغان. دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن كېسەلدىن ئەھۋالىنى سورىغاندا كېسەل مۇنداق دېگەن: «ئۆيدىكىلەرنىڭ مەن بىلەن خوشى يوق، ئۇلار مېنى بۇ دۇنيادىن يوقاتماقچى، شۇڭا تامىقىمغا زەھەر سالىدۇ، ئۇخلاپ قالسام بوغۇپ قويماقچى بولىدۇ. يۇيۇناي دېسەم سۇنى قىزىتىپ، كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ يۇيۇنمايمەن ...». ② كېسەل ئەر، 32 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرغا مۇنداق

دېگەن «ئۆيۈم ئالتىنچى قەۋەتتە، تورۇپ ـ تورۇپ سۇ توختاپ قالىدۇ. بۇ چوقۇم 5 ـ قەۋەتتىكىلەرنىڭ ئىشى، سۇ كەلگەندە ئىشلىتىشتىنمۇ قورقىمەن، ئۇلار چوقۇم سۇغا زەھەر ئارىلاشتۇرىۋەتتى، 5 ـ قەۋەتتىكىلەر ئۇلترا بىنەپشە نۇر بىلەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى. ساقچىلار مېنى تۇتماقچى، ئۇلار مېنى كۆزىتىۋاتىدۇ. شۇڭا دېرىزىلىرىمگە قەغەز چاپلىۋەتتىم، مەن كارىۋاتتا ياتالمايمەن، كارىۋاتمۇ خەتەرلىك، ئۇلار ئۇڭاي بايقىۋالىدۇ. شۇڭا مەن ھۇجرامدا ئۇخلىماي، زالنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۇخلايمەن، بۇنداق قىلسام بىر قەدەر بىخەتەر بولغاندەك بىلىنىدۇ. مېنى سىرتتىكى كىشىلەرمۇ قەستلىمەكچى، سىرتتىكى ئاشخانىلاردىن تاماق يېمەيمەن، گۆش ئالسام سوپۇنلاپ يۇيىمەن، ئۇلار ئارىلاشتۇرىۋەتكەن خىمىيەلىك ماددىلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىمەن».

(4) تەسىر خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيال

كېسەل ئۆزىنىڭ روھىي پائالىيىتىنى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ۋە سىرتقى كۈچنىڭ كونتروللىقى ئاستىدا دەپ قارايدۇ ياكى سىرتقى كۈچنى بەدىنىمدە يېقىمسىز بىر خىل سېزىم پەيدا قىلىپ قويدى، دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇيقۇسى، قان بېسىمى، ھەزىم قىلىشى قاتارلىقلارنىمۇ سىرتقى كۈچنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا دەپ قارايدۇ. كېسەل ئۆزى ئېلېكتر دولقۇنى، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى، رادىئاكتىپلىق نۇر ياكى ئالاھىدە ئۇسكۇنە قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم دەپ قارايدۇ. بۇنى كلىنىكىدا فىزىكىلىق تەسىر خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيال دەپمۇ ئاتايمىز. مەسىلەن: ① كېسەل ئەر، 18 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. بەش يىل بۇرۇن كېسەل ئۆزىنى بىر خىل

ئۈسكۈنە كونترول قىلىۋالدى، دەپ قارىغان. كېسەل «بەزىـ
دە كىتاب كۆرگەندە كاللام بەك ئىشلەپ كېتىدۇ، بەزىدە
قاتماللىشىپ قالىدۇ، يەنە بەزىدە توختاپ قالىدۇ. پۈتۈن
بەدىنىمدىكى مۇسكۇللار، بولۇپمۇ، قورساق مۇسكۇلۇم ئىنـ
تايىن ئاغرىيدۇ. بەزىدە بېشىممۇ قوشۇلۇپ ئاغرىيدۇ.
مۇسكۇللىرىم قىسقىراپ، ئۆسەلمەي قالدىم. بەزىدە نەپىسىم
يېتىشمەيدۇ، كۈلەلمەي قالىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوـ
قۇم مەلۇم بىر ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر كونترول قىلىۋالغان،
دەپ قارايمەن» دېگەن. ② كېسەل ئەر، ئۇيغۇر، 48 ياش،
دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرغا
مۇنداق دېگەن: «مەن كېسەل بولغىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولـ
دى، لېكىن سىلەر مېنى تولۇق ساقايتالمىدىڭلار، بەدىنىمـ
دىكى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئۈسكۈنىسىنى ئېلىۋېتەلمىدىڭلار،
باشقىلار مۇشۇ ئۈسكۈنە ئارقىلىق مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمنى
ئۇقۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن مېڭەمگە ئورنۇتۇپ قويغان
باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىلەن مېنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ».

### (5) مۇبالىغە خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيال

بۇ خىل بىھۇدە خىيال كۆپ ھاللاردا كېسەلنىڭ كەيپىـ
ياتى ناھايىتى يۇقىرى ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. مەزمۇنى،
ئورۇن، ۋاقىت، مۇھىت ۋە كېسەلنىڭ مەدىنىيەت سەۋىيـ
سىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمايدۇ. كېسەل ئۆزىـ
نى ئالىم، دۆلەت رەھبىرى، كەشپىياتچى، ئەڭ چوڭ باي
دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ① كېسەل ئەر، خەنزۇ، 43 ياش،
دىئاگنوزى: دېۋەڭلىك. كېسەل «مەن تەڭداشسىز گېنېـ
رال، 90 دېۋىزىيەم، 1000 دىن ئارتۇق ئايرۇپىلانىم،
ساناقسىز تانكىلىرىم، توپ ۋە مىلتىقلىرىم بار، جۇڭگونى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئازات قىلغان، مەن ئىلگىرى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئوقۇغان، ھەر قايسى دۆلەت تىللىرىدا سۆزلىيەلەيمەن، مېنىڭ پۇلۇم ناھايىتى كۆپ، نەچچە يەردە بانكام بار، ئۆيۈمدە 100 نەچچە ئادەم ئىشلەيدۇ، 400 قىز ـ ئوغلۇم بار ···» دېگەن.

② كېسەل ئەر، ئۇيغۇر، 26 ياش، دىئاگنوزى: ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەل، قۇتراش تىپى. كېسەل دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن خۇددى چوڭ پروفېسسورلاردەك قوللىرىنى ئارقىغا قىلىپ، سالماقلىق بىلەن: «سىلەرنىڭ كېسەل داۋالاش سەۋىيەڭلار بەك تۆۋەن ئىكەن، مەن بۇنداق كېسەللەرگە پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ئېلىپ بارسام ساقايتالايمەن، دۇنيادىكى ھەر قانداق كېسەلنى داۋالىيالايمەن، ئۆيۈمدە پۇل دېگەن ساماندەك، لازىم بولسا 100 مىڭدىن بىرنى سىزگە بېرەي، مىليونىر بولۇپ كېتىسىز، سىزنى ياپونىيىگە چىقىرىپ، ئوقۇتۇپ كېلەي ···» دېگەن.

(6) جىنايەت ئۆتكۈزۈش خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيال

كېسەل ھېچبىر سەۋەبسىز مەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈم دەپ قارايدۇ، شۇنىڭدەك دۆلەت ۋە خەلققە چوڭ زىيان يەتكۈزدۈم دەپ ئويلايدۇ. كېسەل ئۆزىنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىشنى ئويلايدۇ. بەزىدە شۇ سەۋەبلىك ئاشلىق ئېلان قىلىدىغان ياكى ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

(7) كېسەللىكتىن گۇمانلىنىش خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيال.

كېسەل ئاساسسىزلا ئۆزىنى مەلۇم بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم، مەڭگۈ ساقىيالمايمەن دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئايال، 32 ياش، خەنزۇ، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ

قىلىش كېسىلى. كېسەل 1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قورسىقىم بىئارام قىلىۋاتىدۇ، دەپ جۇڭخېيچە داۋالانغان. ئاشۇ ۋاقىتتا يېڭنە سانچىغاندا ئازراق ئاغرىغان، كېسەل ئېھتىمال پېيىم ئۈزۈلۈپ كەتتى، دەپ ئويلاپ داۋاملىق شۇ ئىش ئۈچۈن تىت ـ تىت بولغان، شۇ يىلى تۇغۇتتىن كېيىن يۇقىرىقى كېسەللىك ئالامىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، كېسەل بەدىنىمدىكى نۇرغۇن پەي مۇسكۇللىرىم ئۈزۈلۈپ، قورسىقىمنىڭ ئىچى سېسىپ كەتتى دېگەن. ھەمدە شۇ سەۋەبلىك كارىۋاتتىن قوپماي يېتىۋالىدىغان، تاماق يېمەيدىغان، چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرىنى ئورنىدا قىلىدىغان بولۇپ قالغان. كېسەل قېنىم تومۇرۇمدىن ئېقىپ چىقىپ كەتتى، شۇ سەۋەبلىك پۈتۈن بەدىنىمدىكى مۇسكۇللار قۇرۇپ كەتتى، پۈتۈن بەدىنىم قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالدى دېگەن.

(8) ھەسەتخورلۇق خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيال

كېسەل ئۆزىنىڭ ھەمراسىنى (ئېرى ياكى ئايالىنى) ئۆزىگە سادىق ئەمەس، سىرتتا بىرسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبلىك جۈپتىنى ئوغۇرلۇقچە تەكشۈرىدۇ ياكى ئوغرىلىقچە كۆزىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەل، 31 ياش، ئۇيغۇر، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرغا «ئۇ مېنىڭ ئايالىم بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ سىرتتا ئاشنىسى بار ... ماڭا ئىشقا بارىمەن دەپ قويۇپ، ئوينىغىلى بارىدۇ، ئىدارىسىگە تېلېفون بەرسەم، تېلېفوندا ماڭا ئالدىراش گەپ قىلىپ، ئىشىم بەك جىددىي، دەپ تېلېفوننى قويۇۋېتىدۇ. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاپتوبۇس توسۇلۇپ قالدى، دەپ قەستەن ئۆيگە كەچ كېلىدۇ ... ئۇ ئىككىسى مېنى كۆزدىن يوقاتماقچى ... ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تورى

قەست قىلماقچى ...» دېگەن.

(9) ئاشىق بولۇش خاراكتېردىكى خام خىيال

كېسەل قەتئىي ھالدا مەلۇم بىرسىنى «مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى» دەپ قارايدۇ. باشقىلارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، ئاسانلىقچە بەل قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇ بەلكىم مېنى سىناۋاتقاندۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئايال، 22 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئۆيگە قايتقاندا، قوشنىسىنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، لېكىن ئىككەيلەن ئەزەلدىن پاراڭلىشىپ باقمىغان. كېسەل قوشنىسىنىڭ ئوغلىنى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلىغان ھەم كۆپ قېتىم خەت يېزىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان. لېكىن قوشنىسىنىڭ ئوغلى ھېچقانداق بىر جاۋاب خەت قايتۇرماي، ئەكسىچە كېسەلنىڭ يازغان خەتلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا كېسەل، ئۇ مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ خىجىل بولۇپ خەتلىرىمنى قايتۇرۇپ بەردى، دەپ ئويلىغان ھەم ئەتراپتىكىلەر بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى قوللايدۇ، ئىككەيلەننى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ماسلاشقانلار دېيىشىدۇ دەپ قارىغان. كېسەلنىڭ ئۆيدىكىلەر كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىپ، بۇ نىيىتىدىن يېنىشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، كېسەل قەتئىي چىڭ تۇرىۋالغان...

(10) ئوغرى ئېلىۋېلىش خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيال.

كېسەل ئۆزىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان نەرسىلىرىنى باشقىلار ئوغرىلىۋالدى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل بىھۇدە خىيال

قىرىلىقتىن بولىدىغان روھىي كېسەللەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(11) ئىچكى سىرى ئاشكارىلىنىپ قېلىش خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيال

كېسەل ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى باشقىلار بىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئەر، 26 ياش، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل قەتئىي ھالدا مېنىڭ سىرىم يوق، مەن دېمىسەممۇ ئويلىغانلىرىمنى باشقىلار بىلىۋالىدۇ. ئۇلار ئېلېكتىر دولقۇنى ئارقىلىق، كاللامدىكى ئويلىرىمنى ئاۋازغا ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا مەن نېمە ئىش قىلىشنى ئويلىسام باشقىلار بىلىۋالىدۇ. مەن نېمە ئىش قىلماقچى بولسام، باشقىلارمۇ مېنىڭ ھەرىكىتىمگە ماس ھالدا ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. مەن تاماق يېيىشنى ئويلىسام، باشقىلار چوكىسى بىلەن قاچىنى چېكىدۇ. مەن X نى ئەسكى ئادەم، دەپ ئويلىسام، X بۇنى بىلىۋالىدۇ ھەم شۇ ھامان ماڭا يامان كۆزى بىلەن قاراپ، «مەن ئەسكى ئەمەس» دەۋاتقاندەك كۆرىنىدۇ، دېگەن.

(12) ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قېلىش بىھۇدە خىيالى.

كېسەل ئۆزىنى بىر خىل ھايۋانغا ئايلىنىپ قالدىم، دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. شۇنداقلا شۇنىڭغا ماس ھالدا قالايمىقان قىلىقلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىت، قوي، كالا ... قاتارلىقلار. كېسەلمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆمۈلەپ، ئوت - چۆپ يەپ غەيرىي قىلىقلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئەر، 49 ياش، خەنزۇ، دىئاگنوزى: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى. كېسەل دوختۇرغا مۇنداق دېگەن: «مەن بىر بېشى يوق ھايۋان، تۇغۇلۇشۇمدىنلا بىر جىن ئالۋاستى، شۇڭا، مېنىڭ چوڭ مېڭەم، بەش ئەزايىم، پۈت - قولۇم تولۇق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەس. بۇنى مەن ئۆز قابىلىيىتىم ئارقىلىق ھېس قىلىۋال-
غان» . كېسەل دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن تۆت كۈن
ئۇخلىمىغان. دوختۇر سەۋەبىنى سورىسا «مەن ئالۋاستى
تۇرسام ئەلۋەتتە ئۇخلىمايمەن» دېگەن.

يەنە بەزى كېسەللەردە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئاجا-
يىپ بىر خىل بىھۇدە خىياللار پەيدا بولىدۇ. كېسەل ئۆزى-
نىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى،
مېنىڭ ھەقىقىي تۇغقانلىرىم ئەمەس، مەن بىلەن قىلچە قان-
داشلىق مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارايدۇ. بىز بۇنى قانداشلىق
مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيال
دەپ ئاتايمىز. يەنە بەزى كېسەللەر ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا
نىسبەتەن مەسىلەن: ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئۇكىلىرىغا
قارىتا گۇمانىي قاراشتا بولىدۇ ھەم ئۇلارنى يېقىنلىرىنىڭ
سۈرىتىگە كىرىۋالغان جىن - ئالۋاستىلار، دەپ قارايدۇ.
بۇنى جىن چاپلىشىۋېلىش خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيال دەي-
مىز.

## 4. دىققەت قىلىش ۋە دىققەت قىلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

### 1. دىققەت قىلىش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل بولىدۇ؟

دىققەت قىلىش — ئاڭنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە بولغان
يۆنىلىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاڭلىق دىققەت قىلىش
ۋە ئاڭسىز دىققەت قىلىش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.
ئاڭلىق دىققەت قىلىش، مەلۇم بىر مەقسەت ۋە مۇددىئا-

سى بولغان دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئادەمنىڭ تەپەك-كۇرى، ھېسسىياتى، ئىنتىلىشى ۋە ئۆتمۈشى بىلەن مۇناسى-ۋەتلىك بولىدۇ. ئاڭسىز دىققەت قىلىش، تاشقى دۇنيادىن كەلگەن تەسىرلەر پەيدا قىلغان، ھېچقانداق مەقسەت ۋە مۇد-دىئاسى بولمىغان، تەبىئىي دىققەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تاشقى دۇنيادىن كەلگەن تەسىرلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي ئىنكاس قايتۇرۇشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: كىشىلەر قاتتىق گۈدۈك ئاۋازىنى ئاڭلىسا، شۇ ھامان تەبى-ئىي ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە دىققىتىنى بۇرايدۇ، بۇ ئاڭسىز دىققەت قىلىشتۇر. ئەگەر دەرس ۋاقتىدا بىر ئوقۇغۇ-چى دەرسنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئار-قىسىدىكى يەنە بىر ئوقۇغۇچى قىلىۋاتقان قىززىق پاراڭلار قۇلىقىغا كىرسىمۇ ئۇ .ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس ئىنتىزامى ۋە ئۆگىنىش قىزغىنلىقى سەۋەبىدىن، دىققىتىنى ئاشۇ ئوقۇغۇ-چىنىڭ قىززىق گەپلىرىگە يۆتكىمەستىن پۈتۈن دىققىتى بى-لەن دەرس ئاڭلىشى ئاڭلىق دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت.

## 2. دىققەت قىلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى قانچە خىل بولىدۇ؟

دىققەت قىلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى چوڭ جەھەت-تىن ئۈچ خىل بولىدۇ: ① دىققەت قىلىشنىڭ دەرىجە جە-ھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى. بۇ خىل توسقۇنلۇققا ئۇچ-راش يەنە دىققەتنىڭ كۈچىيىشى ۋە دىققەتنىڭ ئاجىزلىشىشى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ② دىققەت قىلىشنىڭ تۇرغۇنلۇق جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى. بۇ خىل توسقۇنلۇققا ئۇچ-راش دىققەتنىڭ يۆتكىلىشى، دىققەتنىڭ چېچىلىشى، دىققەت-نىڭ مۇقىملىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ③ دىققەت قىلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ مەركەزلىشىش جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى. بۇ خىل توسقۇنلۇققا ئۇچراش دىققەت قىلىشنىڭ تارىيىشى ۋە دىققەت قىلىشنىڭ ئاستىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) دىققەتنىڭ كۆچىيىشى

بۇ خىل ئەھۋال ئاڭلىق دىققەت قىلىشنىڭ كۆچىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەل بىھۇدە خىيالنىڭ تەسىرىدە ئەتراپتىكى ئىشلار ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق دىققەت قىلىدۇ. يەنە كېسەلدىن گۇمانلىنىش خاراكتېرىدىكى بىھۇدە خىيالغا پاتقان كېسەللەر ئۆز بەدىنىدىكى ھەربىر فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك تولا قايغۇرىدۇ.

(2) دىققەتنىڭ ئاجىزلىشى

ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدىكى دىققەت قىلىشنىڭ ئاجىزلىشىنى كۆرسىتىدۇ. كېسەل مەلۇم بىر نەرسىگە دىققىتىنى ئۇزۇن ۋاقىت مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىققەت قىلىشنىڭ تۇرغۇنلىقى مۇقىم بولمايدۇ. شۇڭلاشقا كېسەلنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال، نورمال كىشىلەر ئىنتايىن چارچاپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت نېرۋا ئاجىزلىق، چوڭ مېڭە ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەل ۋە ئېڭى توسقۇنلۇققا ئۇچراش قوشۇلۇپ كەلگەن كېسەللەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(3) دىققەتنىڭ سۇسلىشىشى

كېسەلدىن بىرىنچى سوئالنى سورىغاندا، بەرگەن جاۋابى پۈتۈنلەي توغرا بولىدۇ. لېكىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىن-

چى، ئۈچىنچى سوئاللارنى سورىغاندا، كېسەلنىڭ دىققىتى كۆرۈنەرلىك سۇسلىشىدۇ. كېيىنكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كۆرۈنەرلىك ئاستىلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خامۇشلۇق كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(4) دىققەتنىڭ چېچىلىشى

ئاڭلىق دىققەت قىلىش كۆرۈنەرلىك ئاجىزلايدۇ، ھەتتا دىققىتىنى پەقەتلا يىغالمايدۇ. مەسىلەن: كېسەل كىتابنى ئۇزۇن ۋاقىت ئوقۇسىمۇ مەزمۇنىنى چۈشەنمەيدۇ، خۇددى ئوقۇمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىدە، ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(5) دىققەت قىلىش دائىرىسىنىڭ تارىيىشى

كېسەلنىڭ دىققەت قىلىش دائىرىسى كۆرۈنەرلىك دائىرىدە كىچىكلەيدۇ، كېسەل مەلۇم بىر نەرسىگە دىققەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا گەرچە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقىدەك ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن كېسەلنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان كېسەلدە، دۆتەڭلىك كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(6) دىققەت قىلىشنىڭ مۇقىملىقى

كېسەلنىڭ دىققىتىنىڭ مۇقىملىقى ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال نورمال ئادەم ھەم روھىي كېسەللەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم كەشپىياتچى ئالىم مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندا، دىققىتى ھەددىدىن زىيادە كۈچىيىپ ئۆزى خىيال قىلىۋاتقان ئىشتىن باشقا ھېچقانداق شەيئىلەر دىققىتىنى تارتالمايدۇ. خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەل، جاھىل خا-

راكتېرلىك بىھۇدە خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان كىشى-لەر، مەجبۇرىي كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەردە بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇد بولىدۇ. كىشى بۇ خىل دىققەتنىڭ مەركەز-لىشىشى ۋە مۇقىملىقىنى ھېس قىلالايدۇ، ئەمما دىققىتىنى باشقا شەيئىگە يۆتكىيەلمەيدۇ.

(7) دىققەتنىڭ يۆتكىلىشى

پاسسىپ دىققەت قىلىشنىڭ ئاكتىپچانلىقىنىڭ كۆچىيى-شىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن دىققەت قىلىش ئۇزاق داۋاملاش-مايدۇ، دىققەت قىلىش ئوبيېكتى ئۈزلۈكسىز ئالمىشىدۇ. بۇ قۇتراش كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسىدۇر. كېسەل نېمىنى كۆرسە شۇ توغرىلىق سۆزلەيدۇ، سۆزلەۋاتقاندا ئەترا-پىدىكىلەر باشقا گەپ - سۆز قىلسا ياكى بىرەر نەرسىگە كۆزى چۈشسە شۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سالىدۇ ياكى شۇ نەرسە توغرىلىق سۆزلەيدۇ، باشتا سۆزلەۋاتقان تېمىسى بىر چەتتە قالىدۇ.

## 5. ئەستە ساقلاش ۋە ئەستە ساقلاشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

1. ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى دېگەن نېمە؟

بۇرۇن ھېس قىلغان شەيئىلەرنى مەلۇم بىر شارائىتتا قايتا ئەسلەپ، ئىپادىلەش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئەسلەش دېگەن نېمە؟

ئەسلەش، بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنىڭ كىشى مېڭىسىدە قايتا تەكرارلىنىشىنى ئىبارەت.

ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى تونۇش، ساقلاش، بىلىش،

قايتا ئەسلەش قاتارلىق تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

3. ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرى-شى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

1) ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ كۈچىيىشى

بۇ بىر خىل پاتولوگىيىلىك ئەستە ساقلاشنىڭ كۈچىيىد-شى بولۇپ، زۆرۈرىيىتى بولمىغان بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەس-لەشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كېسەل كىچىك ۋاقتىدىكى مەلۇم ئىشلارنى، ئويۇنلارنى ھەتتا كىملەرنىڭ قانداق ئويۇن-لارنى ئوينىغانلىقىنى ئەسلەيدىغان، شۇنداقلا ئىنتايىن ئىن-چىكە ئىشلارنىمۇ ئېنىق ئەسلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قۇتراش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. يەنە، ئۆزىنى ئەيىبلەشنى ئاساسلىق ئالامەت قىلغان خامۇشلۇق كېسىلىدىمۇ بۇ خىل ئالامەت كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كېسەل كېسىلى قوزغالغان ۋاقىتتا، دوختۇرغا مۇنداق دېگەن: «مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۇم، مەن 8 ياش ۋاقتىمدا دوستۇمنى يېقىتىۋەتكەن» . كېسەل ساقايغاندىن كېيىن يۇ-قىرىقى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيدۇ.

2) ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى

ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى، تونۇش، ساقلاش، بىلىش، قايتا ئەسلەش قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىيۈز-لۈك ئاجىزلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالامەت كلىنىكىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى، نېرۋا ئاجىزلىقى ۋە ياشىنىپ قالغان نورمال كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. دەسلەپتە ئومۇمەن دېگۈدەك قايتا ئەسلەش باس-قۇچى ئاجىزلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئاي ـ كۈن، ۋاقىت، مەخ-سۇس ئاتالغۇ، ئىسىم، ئۇقۇم قاتارلىقلارنى قايتا ئەسلەشتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېتى

قىينىلىدۇ.

3) ئۇنۇتقاقلىق

تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدىكى كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى ياكى چوڭ ۋەقەلەرنى قايتا ئەسلىيەلمەسلىك ئۇنۇتقاقلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنۇتقاقلىقنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئىپادىسى بولىدۇ.

(1) بىرگە ماسلىشىدىغان ئۇنۇتقاقلىق

كېسەل بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلىيەلمەيدۇ، ئۇنۇتقاقلىق كېسەللىك بىلەن تەڭ باشلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مېڭە سىلكىنىش، مېڭىسى زەخملىنىش قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

(2) ئارقىغا يېنىش خاراكتېرلىك ئۇنۇتقاقلىق

كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن بىر مەزگىل ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، بۇنىڭدا ئېيتىلغان بىر مەزگىل قىسقا بىر ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئېغىر دەرىجىدىكى مېڭە تىقىلمىسىغا گىرىپتار بولغان، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان كېسەللەردە، قىرىلىقتىن بولىدىغان روھىي كېسەللەردە، ئېغىر روھىي زەربىگە ئۇچرىغانلاردا، كاربون چالا ئوكسىدى بىلەن زەھەرلەنگۈچىلەردە كۆرۈلىدۇ.

(3) تەرەققىي قىلىشچان ئۇنۇتقاقلىق

بۇ خىل ئەھۋال ياشانغانلاردىكى دۆۋەتلىك كېسىلىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنۇتقاقلىق كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىدۇ. بىرەر نەرسە ياكى ئادەمنى قايتا كۆرسە تونۇيالمايدۇ ياكى ئەسلىيەلمەيدۇ.

(4) پسىخولوگىيىلىك ئۇنۇتقاقلىق

قاتتىق ئازابلىنىشتىن كېيىن پەيدا بولغان، تۇرمۇش-
نىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى
ۋە ھېسسىياتلىرىنى ئەسلىيەلمەسلىكتىن ئىبارەت. بۇ خىل
ئۇنۇتقاقلىق چوڭ مېڭە ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللەر-
دە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

4) خاتا ئەسلەش

كېسەلنىڭ ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسى توغرىسىدىكى
ئەسلىمىسى خاتا بولىدۇ. سۆزلەۋاتقان ئىشلىرى ئۆزى دېگەن
ۋاقىتتا يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن،
دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدى. بۇ خىل ئەھۋال روھىي جەھەتتىن
يېتىلىشىنىڭ نورمال بولماسلىقى، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش
خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىك، چوڭ مېڭە ئەزا خاراكتېر-
لىك روھىي كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن كېلىپ چىققان
دىۋەڭلىك قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

5) ساختا ئەسلەش

كېسەلنىڭ، قايتا ئەسلەش جەريانىدا ئۆز ئەمەلىيىتىدە
ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ۋەقە ياكى تەجرىبىلەرنى ئۆزىنىڭ
ئۆتمۈشىدە بولغان، دەپ تۇرۇۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ
خىل ئەھۋال ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك رو-
ھىي كېسەللىكلەردە، زەخىملىنىش، زەھەرلىنىش مەنبەلىك
روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

6) بۇرمىلانغان ئەسلەش

كېسەل ئۆزى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان، چۈشىدە كۆر-
گەن ئىشلارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىش دەپ تۇرىۋالى-
دۇ. مەسىلەن: باشقىلار كەشپ قىلغان نەرسىلەرنى كېسەل
مەن كەشپ قىلغان دەپ تۇرىۋالىدۇ.

7) تونۇش ياكى ناتونۇش ھېس قىلىش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېسەل يېڭى بىر نەرسىنى تۇنجى كۆرگەندە خۇددى بۇرۇن پىششىق بىلىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ ياكى ئىل-گىرى نەچچە قېتىم كۆرگەن نەرسىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك، يات نەرسىدەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت تۇتقاقلىق كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 6. ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

ئەقلىي قابىلىيەت مۇرەككەپ بىر خىل ئۇقۇم بولۇپ، ئىلگىرى ئىگىلىگەن بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئىشلىتىش ئار-قىلىق، يېڭى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەم يېڭى بىر ئۇقۇمنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتى تەپەككۇر، ئەستە ساق-لاش، دىققەت قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەپەككۇر، ئەستە ساقلاش، دىققەت قىلىش قاتار-لىقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىشى ياكى مەلۇم بىرسىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېغىرلاشقاندا دىۋەڭلىك كۆرۈلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئىككى خىل بولىدۇ: ① ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تۇغما تۆۋەن بولۇشى ② كېيىن پەيدا بولىدىغان دىۋەڭلىك.

### 1. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تۇغما تۆۋەن بولۇشى

بۇ خىل توسقۇنلۇققا ئۇچراش ئاساسلىقى كېسەلنىڭ ھامىلە ۋاقتىدا، تۇغۇلۇش جەريانىدا ۋە بوۋاق ۋاقتىدا، ئىر-

سيەت، يۇقۇملىنىش، زەھەرلىنىش، باش قىسمى زەخىم-
لىنىش، ئىچكى ئاجراتما نورمالسىز بولۇش، ئوكسىگىن
يېتىشمەسلىك قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن چوڭ مېڭىسى-
نىڭ يېتىلىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن بولىدۇ. بۇ-
نىڭدا ئەقلىي ئىقتىدار بىر باسقۇچتا توختاپ قالىدۇ. بۇ خىل
ئالامەت روھىي جەھەتتىن يېتىلىشى كېچىككەن كېسەللەردە
كۆرۈلىدۇ.

2. دۆۋەڭلىك

بۇ بىر خىل بېقىندى كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، دائىم
ئاستا خاراكتېردە ياكى تەرەققىي قىلىش خاراكتېردە ئىپادى-
لىنىدۇ. كېسەلنىڭ ئەستە ساقلاش، چۈشۈنۈش، ھېسابلا-
ش، ئۆگىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ.
ھەمدە مېڭە فۇنكسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل
كېسەللىك ئالامىتى قېرىلىقتىن بولىدىغان دۆۋەڭلىك كېسى-
لىدە، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ قېتىشىدىن كېلىپ چىققان
روھىي كېسەللىكتە، مېڭە ياللۇغىنىڭ ئاسارىتىدە كۆپ كۆ-
رۈلىدۇ.

## 7. ھېسسىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

ھېسسىيات جەريانىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى تۆۋەندى-
كى بىر قانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. ھېسسىياتنىڭ كۆچىيىشى

بۇنىڭدا كېسەلنىڭ ھېسسىياتى كۆرۈنەرلىك كۈچىيى-
دۇ. دائىم شاتلىققا چۆمۈپ، خۇشال ـ خۇرام، ئەركىن ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئازادە يۈرىدۇ. باشقىلار بىلەن يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرى-
دۇ، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. سۆزلىگەندە
قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ، قىن - قېنىغا پاتماي قالىدۇ،
چىراي ئىپادىسى مول بولىدۇ. ھەممە ئىشلارغا قىزغىن
مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەزەلدىن قايغۇ ھەسرىتى يوقتەك كۆرۈنى-
دۇ، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ ھەم ھەممىنى مۇبالىغىلەشتۈ-
رۈۋېتىدۇ. لېكىن ھېسسىياتىنىڭ بۇنداق كۈچلۈك بولۇشى-
نىڭ تۇراقلىق بولۇشى ناتايىن، كېسەل ئوڭاي ئاچچىقلىنى-
دۇ. كىچىككىنە بىر ئىشلارغىمۇ بەكلا چىچىلىپ خاپا بولى-
دۇ. ئىچىنىشلىق ئىشلارغا يولۇقسا ئازابلىنىپ يىغلايدۇ،
لېكىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۇنتۇپ كېتىدۇ. كېسەل-
نىڭ كەيپىياتى داۋاملىق ياخشى بولىدۇ. ئۆزىنى ئىنتايىن
بەختلىك ھېس قىلىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى بۇ
خىل خۇشال كەيپىياتنىڭ باشقىلارغا بولغان تەسىرى چوڭ
بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مۇھىت بىلەن بىردەكلىكى ياخشى
بولغاچقا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر بىر ھەرىكەتنى نورمال
كىشىلەر چۈشىنىدۇ، باشقىلار ئاسانلا ھېسسىداشلىق قىلى-
دۇ. بۇ تەرىپى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدىكى ھاياجانلىنىش
ھالىتىدىن پەرقلەندۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشتا مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە. بۇ ئالامەت قۇتراش كېسىلىنىڭ يەنە بىر تىپىك
ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئادەتتە تەپەك-
كۇرنىڭ ئۇچۇشى ۋە ھەرىكەتنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن
بىرگە پەيدا بولىدۇ.

## 2. شادلىنىش

بۇ ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللەردە، مەسىلەن:
مېڭە ئارتېرىيىسى قېتىش مەنبەلىك روھىي كېسەل، قىرى-

لىقتىن بولغان دىۋەڭلىك قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆرۈلى-
دىغان شادلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئالامى-
تى ھېسسىياتنىڭ كۆچىيىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. كېسەل
ئۆزى بەك خۇشال بولسىمۇ، لېكىن چىرايى يەنىلا دەلتى
چىراي كۆرىنىدۇ.

### 3. ھېسسىياتنىڭ تۆۋەنلىشى

بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى ھېسسىياتنىڭ كۆچىيىشى بىلەن قارىمۇ قارشى بولىدۇ. كېسەلنىڭ روھىي - كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، كۈن بويى قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قاپىقىنى ئاچماي يۈرىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ، ئىغىرلىرى ھازىدار ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ. ئازاب ھەم ئۈمىدسىزلىككە چۆكىدۇ. ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسى يوقتەك ھېس قىلىپ، ھايات ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى دەپ قارايدۇ. سىرتقى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭ قىزىقىشىنى تارتمايدۇ، پەقەتلا ھەسرەتلىنىدۇ. كېسەل شۇ سەۋەبلىك ئۆز - ئۆزىنى ئەيىپلەپ، ئۆزىنى تىللاپ ئۆتىدۇ. ھەتتا ئۆلۈۋېلىش ئويىدا بولىدۇ. ھېسسىياتنىڭ بۇ خىل تۆۋەنلىشى داۋاملىق تەپەككۇرنىڭ ئاستىلىشى بىلەن بىرگە پەيدا بولىدۇ. كېسەلنىڭ گەپ - سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئازىيىدۇ، ئىرادىسى بوشايدۇ، ئىنكاسى ئاستىلايدۇ. بۇ خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ تىپىك ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئىنكاس خاراكتېرلىك خامۇشلۇق كېسىلى، كلىماكتېرىيە دەۋرىدىكى روھىي كېسەللەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4 . تەشۋىشلىنىش

بۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يېتىشتىن ۋە باشقا يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەش ھېسسىياتىدىن ئىبارەت. كېسەل ھېچقانداق ئاساسىي بولمىسىمۇ سەۋەبسىز لا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ جىددىيلىشىپ قورقىدۇ، ئۇشۇقتىن ـ ئۇشۇق غەم يەيدۇ ياكى كېسىلىم ناھايىتى ئېغىر، داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ ياكى مەسىلە ئىنتايىن مۇرەككەپ، بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ، تىت ـ تىت بولىدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ، ھەممىدىن ئاغرىنىدۇ، چوڭ بالايى ـ ئاپەت كېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. كېسەلگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن نۇرغۇن ئادەم چۈشەندۈرسىمۇ بۇ خىل تەشۋىشلىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ خىل ئالامەت تەشۋىشلىنىش خاراكتېرلىك مېڭە فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كلىماكتېرىيە دەۋرىدىكى خامۇشلۇق، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئالامەتكە دائىم ۋېگېتاتىۋ نېرۋا فۇنكسىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

## 5 . نازۇكلۇق

ئىنتايىن ئاجىز سىرتقى تەسىر، ھەتتا بىلگىلى بولمىغۇدەك غىدىقلاشلارمۇ كېسەلنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، بۇ تەسىرلەرگە قارىتا كېسەلنىڭ ئىنكاسىمۇ تېز بولىدۇ، بەزىدە بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. ھېچبىر

تايىنى يوق ئىشلارغا يىغلاپ ـ ئېقىپ، ئازابلىنىپ كېتىدۇ ياكى ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. بۇ خىل ئالامەت ھىستېرىيە، نېرۋا ئاجىزلىق، مېڭە ئارتې- رىيىسى قېتىش خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 6. ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى

بۇ روھىي ئامىلنىڭ تەسىرىدە ئوشتۇمتۇت قوزغىلىد- غان پارتلاش خاراكتېرىدىكى ھېسسىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدۇر. بۇ خىل ئالامەتنىڭ كېسەللەردىكى ئىپادىسى بولسا تۇيۇقسىز ۋارقىراپ ـ جاقىراش، باشقىلارنى ئۇرۇش، بىر نەرسىلەرنى چېقىش، پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ۋاقىراپ يىغ- لاشتىن ئىبارەت. كېسەللەر بەزىدە خوشاللىقىدىن سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ كېتىدۇ. قاقاقلاپ كۈلۈپ توختىمايدۇ، بەزىدە يەردە دومىلاپ كېتىدۇ. بەزىدە ناھايىتى قوپال بولۇپ قالىدۇ. بارلىق ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز، قالايمىقان بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى ھىستېرىيد- دە كۆرۈلىدىغان روھىي توسالغۇغا ئۇچراشنىڭ بىرسىدۇر.

## 7. ئوخشاي تېرىكىش

بۇ بىر خىل ئىنتايىن كۈچلۈك، ئەمما داۋاملىشىش ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولغان ھېسسىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدۇر. كېسەل ئۇششاق ئىشلارغىمۇ كۈچلۈك ئىن- كاس قايتۇرىدۇ، ئوخشايلا ئاچچىقلىنىدۇ، ھاياجانلىنىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەزەپلىنىدۇ، باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ توختىمايدۇ. بۇ خىل ئالامەت ھىستېرىيە، نېرۋا ئاجىزلىق، قۇتۇراش ھالىتى، بەدەن خاراكتېرلىك ۋە ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 8. ھېسسىياتنىڭ ئاجىزلىشىشى

كېسەلنىڭ مەلۇم بىر تەسىر كۈچى كۈچلۈك ئىشلارغا بولغان ھېسسىياتى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا سۇس بولىدۇ ھەم ئىچكى دۇنياسىدا ماس ھالدىكى تەسىرات ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئائىلىسىدىكىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدۇ، خىزمەتداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولمايدۇ، كەيپىياتى تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەم ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 9. ھېسسىياتنىڭ سۇسلىشىشى

كېسەل ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەر قانداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. نورمال كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېغىر ئازاب ياكى زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار كېسەلدە ھېچقانداق ئىنكاس پەيدا قىلالمايدۇ. مەسىلەن: ئۆلۈم، جۇدالىق ئالدىدا ئازاب ھېس قىلمايدۇ. ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، چىراي ئىپادىسى سۇغۇق بولىدۇ. ئىچكى ھېسسىياتى ئىنتا-

يمن ئاددىي بولۇپ، خۇددى ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن ھېچ-بىر ئۇرتاقلىقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئېلىد-شىپ قىلىش كېسىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 10. ھېسسىياتنىڭ تەتۈرلىكى

بۇ بىلىش جەريانى بىلەن ھېسسىيات پائالىيىتى ئوتتۇ-رىسىدا ماسلىششچانلىقنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېسەلنىڭ ھېسسىيات ئىپادىسى بىلەن تەپەككۇر-نىڭ مەزمۇنى ئوخشاشمايدۇ، ئازابلىق ئىشلارنى ئاڭلىسا ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كې-سەل ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ كەتكەن، بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قىلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 11. چىراي ئىپادىسىنىڭ تەتۈرلىكى

بۇ، ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن چىراي ئىپادىسىنىڭ ماسلاشماسلىقى ياكى بىر - بىرىگە زىت بولۇشىنى كۆرسىتى-دۇ. مەسىلەن: گەرچە كېسەلنىڭ سىرتقى قىياپىتى ياكى چىراي ئىپادىسى خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئازاب-لىنىپ يۈرىدۇ. بۇ ئالامەت ئېلىشىپ قىلىش كېسىلىدە، بولۇپمۇ ياشلىق دەۋرىدىكى ئېلىشىپ قالغان كېسەللەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 12. قورقۇش كېسىلى

كېسەل ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان نەرسە، مۇھىت ۋە ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئىنتايىن جىددىيلىشىش، قورقۇش كەيپىياتىدا بولىدۇ. كېسەل بۇ خىل قورقۇشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ قۇتۇلالمايدۇ. كېسەل قورقىدىغان نەرسىلەر ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: كىچىككىنە مەينەتچىلىك، يۇقۇملىنىش، ئۆتكۈر بىسلىق نەرسىلەر، ئادەم يوق جاي، ئېگىزلىك ۋە ئويمانلىق، ھەر خىل كېسەللەر، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىقلاردىن سەۋەبسىز لا قورقىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئادەم ۋە نەرسىلەرگە يېقىنلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ياكى يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ خىل ئالامەت قورقۇش خاراكتېرىدىكى مېڭە فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلىنىڭ تىپىك ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

## 13. پاتولوگىيىلىك قايناق ھېسسىيات

بۇ تۇيۇقسىز قوزغىلىدىغان، ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەمما قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىدىغان ھېسسىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت. كېسەل ئادەتتە بۇ خىل تەلۋىلەرچە ھېسسىياتىدىن كېلىپ چىققان قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ ھەم بۇ خىل ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمايدۇ. بۇ خىل تەلۋىلەرچە ھېسسىيات دائىم ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ، باشقىلارنى ئېغىر زەخىملەن-

دۇرىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات قوزغالغاندا كېسەلنىڭ ئەس-
ھوشى مەلۇم دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، شۇڭلاشقا
كېسەل شۇ ئىشتىن كېيىن ئېھتىمال ئۇنۇتقاق بولۇپ قېلى-
شى مۇمكىن. بۇ خىل ئالامەت تۇتقاقلىق كېسىلىدە، بىر
قەدەر ئېغىر دەرىجىدىكى مېڭە زەخىملىنىشتە، زەھەرلىنىش
خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بەزى-
دە يەنە ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

## 14. مەجبۇرىي كۈلۈش، مەجبۇرىي يىغلاش

بۇ مېڭە ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ
كۆرۈلىدىغان ئالامەتتۇر. كېسەل ھېچقانداق سىرتقى ئامىل-
نىڭ تەسىرى بولمىسىمۇ، تۇيۇقسىز ئۆزىنى كونترول قى-
لالماي، مەجبۇرىي كۈلىدۇ ياكى يىغلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا كې-
سەلنىڭ چىراي ئىپادىسى بىر خىل غەيرىي ئەخمەقلارچە
بولۇپ، ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن چىراي ئىپادىسى ماسلاش-
مىغان بولىدۇ.

## 15. قارىمۇ قارشى ھېسسىيات

ئوخشاش بىر كېسەلدە ئوخشاش بىر ئىشقا نىسبەتەن
ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بىر - بىرىگە
زىت بولغان ئىككى خىل ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل
ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسى-
لەن: كېسەل ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا ئۆچلۈك
ھەم ئامراقلىق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

16. پاتولوگىيىلىك كەيپىيات يامانلىشىش

كېسەل ھېچقانداق سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرى بولمىسا، مۇ تۇيۇقسىز چۈشكۈنلىشىدۇ، جىددىيلىشىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئادەتتە 2 ~ 1 كۈن داۋاملىشىدۇ. كېسەل ئوڭاي ھاياجانلىنىپ، سەۋەبسىزلا قورقىدۇ. ھەر خىل تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەممە جايدا ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ، بۇ خىل ئالامەت تۇتقاقلىق كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## 8. ئىرادە، ھەرىكەت ۋە ئىرادە، ھەرىكەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

### 1. ئىرادە دېگەن نېمە؟

ئىرادە — كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قويغان شەرتى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانىدىن ئىبارەت.

### 2. ئىرادىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

1) ئىرادىنىڭ كۈچىيىشى

بۇ ئىرادە پائالىيىتىنىڭ كۈچىيىشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئالامەتنىڭ پەيدا بولۇشى باشقا روھىي پائالىيەتلەر بىلەن زىچ ئېچكى باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: قۇتراش ھالىتىدىكى كېسەلنىڭ كەيپىياتىنىڭ يۇقىرىلىقى، كېسەل-

ىنىڭ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى پەي-
دا قىلىدۇ. كېسەلنىڭ ھەممىنى ئۆگەنگۈسى، بىلگىسى
كېلىدۇ. شۇڭا داۋاملىق ئالدىراش يۈرىيدۇ، مېڭىپ جىم
تۇرالمايدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ھارغىنلىق
ھېس قىلمايدۇ. لېكىن كېسەلنىڭ ھەرىكىتى ئەتراپتىكى
مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا،
بىر ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى چىقىرالمايدۇ، ئاخىرغىچە
داۋاملاشتۇرالمايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال قوتراش خاراكتېرلىك
روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە يەنە بىر خىل ئىرادىنىڭ
كۈچىيىشى كۆرۈلىدۇ، كېسەل بىھۇدە خىيالنىڭ تۈرتكى-
سى ئاستىدا توختىماي ھەر تەرەپكە ئەرز شىكايەت ئېيتىدۇ
ياكى ئۆزى بايقىغان ھەم گۇمان قىلغان مەسىلىلەرنى چىڭ
تۇتۇۋېلىپ، تەكشۈرۈپ توختىمايدۇ. گەرچە ئىسپاتلىرى
كەم، ھەتتا مەزمۇنى ئەمەلىيەتكە ئويغۇن بولمىسىمۇ، تەك-
شۈرۈۋاتقان مەسىلىلىرىنىڭ نۇرغۇن زىددىيەتلىك تەرەپلىرى
بولسىمۇ، كېسەل يەنىلا داۋاملىق گۇمانلىنىپ تەكشۈرىدۇ.
ئاخىرىغىچە قەتئىي چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۆزگەرتمەيدۇ.

2) ئىرادىنىڭ ئاجىزلىشى

بۇ ئالامەت يۇقىرىقى ئالامەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولى-
دۇ. كېسەلنىڭ ئىرادە پائالىيىتى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلايدۇ،
شۇڭلاشقا كەيپىياتى چۈشكۈنلىشىپ، ئەتراپتىكى مۇھىتقا
بولغان قىزىقىشى يوقايدۇ. ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتناش-
مايدۇ. ھورۇن، يالغۇز يۈرىدىغان، كۈندە بىر جايدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىدىرلىماي، ياتقان يېرىدىن قوپمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە ھەرىكىتى ئاستىلاپ كېتىدۇ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئىنتايىن تەستەك بىلىنىدۇ. ئۆگىنىش، خىزمەت قىلىشقا رايى بارمايدۇ، ئېغىر بولغاندا ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمايدۇ. كېسەل ئادەتتە ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلالايدۇ، ئۆزىنى ـ ئۆزى بىلىش كۈچىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق كېسەلدە بەلگىلىك ئىرادە، تەلەپ يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ، لېكىن دائىم ئۆزى قىلالمايدىغاندەك ياكى كەيپىياتى تۆۋەن بولغانلىقتىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىپ، ھەممە ئىشنى مەنىسىزدەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئالامەت خامۇشلۇق كېسەلىنىڭ تىپىك ئالامىتىدۇر.

3) ئىرادىسىزلىك

كېسەل ھەر قانداق ئىشقا نىسبەتەن ھەرىكەت قوللانمايدۇ، ئېنىق مەقسىتى ۋە تەلىپىمۇ بولمايدۇ، ئۆگىنىش، خىزمەتكە نىسبەتەن قىلچە قىزغىنلىقى بولمايدۇ، ھەرىكىتى پاسسىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغىمۇ ھەددىدىن زىيادە ھورۇنلۇق قىلىدۇ. تازىلىققا دىققەت قىلمايدۇ، يۇيۇنمايدۇ، چېچىنى ياساتمايدۇ، ھەتتا يۈزىنىمۇ يۇيمايدۇ. داۋاملىق يەككە ـ يىگانە يۈرىدۇ. ئەتراپتىكى مۇھىت ئۆزگۈرىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئېغىر بولغاندا كېسەلنىڭ تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئازراق قىزغىنلىقى ۋە تەلىپىمۇ قالمايدۇ، بۇ خىل ئالامەت داۋاملىق تەپەككۇرنىڭ ئاددىيلىقى، ھېسسىياتنىڭ سۇسلىقى بىلەن بىرگە پەيدا بولىدۇ، بۇ ئېلىشىپ

قىلىش كېسەلىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتىدۇر.

4) مەقسەتنىڭ تەتۈرلىكى

كېسەلنىڭ مەلۇم مەقسەت تەلەپلىرى ئادەتتىكى نورمال ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ھەم نورمال ئادەملەر قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ھەتتا كېسەلنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى پەقەتلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: كېسەلنىڭ ئۆزىنى ئۆزى زەخىملەندۈرۈشى، باشقىلار يېمەيدىغان نەرسىلەرنى مەسىلەن: ئوت - چۆپ، توپا، ھايۋانلارنىڭ تەرەتلىرىنى يېيىشى، بۇ ھەرىكەتلەر مەلۇم بىر بىھۇدە خىيالنىڭ ياكى خىيالىي تۇيغۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. كېسەل بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى چۈشىنىكسىز سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ياشلىق تىپىدە ۋە بىھۇدە خىيال تىپىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

5) زىددىيەتلىك ئوي - پىكىرلار

كېسەل ئوخشاش بىر ئىش ياكى ئوخشاش بىر شەيئىگە نىسبەتەن زىددىيەتلىك ئوي - پىكىردە بولىدۇ. كېسەل بۇنى ئۆزى ھېس قىلالمايدۇ، شۇڭا ئۆزلۈكىدىن تۈزىتەلمەيدۇ. بۇ ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ھەرىكەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

بۇ خىل توسقۇنلۇققا ئۇچراش كلىنىكىدا كۆپ كۆرۈلۈپلا قالماستىن يەنە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

1) ھاياجانلىنىش ھالىتى

هاياجانلىنىش ھالىتى روھىي كېسەلنىڭ كلىنىكىدىكى مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھاياجانلىنىش، بارلىق روھىي پائالىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل توسقۇنلۇقتا ئۇچراش ھەرقانداق ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ. كېسەللىكنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمىغاچقا بۇ خىل توسقۇنلۇقتا ئۇچراشنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرى كەيپىياتنىڭ تۇراقسىزلىقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، گەپ - سۆز ۋە ھەرىكىتىنىڭ كۆپىيىشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە ھەرىكەتنىڭ نورمالسىزلىقى ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن گېپىنىڭ كۆپىيىشى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ. ھاياجانلىنىش ھالىتى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

(1) قۇتراش خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىش

بۇ قۇتراش - خامۇشلۇق تىپلىق روھىي كېسەلنىڭ قۇتراش ھالىتىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتىدۇر. بۇ خىل ھاياجانلىنىش ھالىتى ھېسسىياتنىڭ كۈچىيىشى، تەپەككۇرنىڭ ئۇچىشى، ئىرادىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىق ئۈچ مۇھىم ئالامەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە ھېس قىلىش كەيپىياتى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

(2) ياشلىقتىن بولغان ھاياجانلىنىش

بۇ خىل ئالامەت ئېلىنىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ياشلىق تىپىدە كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ ھەرىكەت، قىلمىشى بىلەن باشقا روھىي پائالىيەتلىرى ئارىسىدىكى بىردەكلىك ۋە پۈتۈنلۈك بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرايدۇ. ھەرىكەت ۋە قىلمىشىنىڭ

مۇددىئاسى، مەقسىتى بولمايدۇ، يۆنىلىشچانلىقى كەمچىل بولۇپ، قالايمىقان چۇشىنىكسىز بولىدۇ. جىنسىي تەلىپى ۋە ئىشتىھاسى كۇچىيىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئوي ـ پىكىرنىڭ تەتۇرلىكى كۆرۈلىدۇ. كېسەلدە دۆتلۈك، گۆدەكلىك، يا-سالمىلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، بىمەنىلىك ۋە غەيرىي ئالامەتلەر ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا كېسەل ناخشا ئېيى-تىپ، ئۇسۇل ئويناپ ناھايىتى خۇشالدەك يۇرسىمۇ، باشقى-لارنىڭ ھېسسىداشلىقىنى قوزغىيالمايدۇ.

(3) جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىش

بۇ خىل ھاياجانلىنىش ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھاياجانلىنىش دائىم ئۇشتۇمتۇت قوزغىلى-دۇ، كېسەل ئىنتايىن قوپال بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ، قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئەمما بۇ ھەرىكەت بىر خىل ئۆلۈك بولۇپ، چەكلىمىلىككە ئىگە. ئادەتتە باشقىلارغا ئاساسسىزلا ھۇجۇم قىلىدۇ، زەخىملەندۇرىدۇ، نەرسىلەرنى چاقىدۇ، سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ يۆنى-لىشچانلىقى ۋە مەقسىتى بولمايدۇ. باشقىلار نېمە بولۇۋاتقان-لىقىنى ئۇقالماي قالىدۇ، باشقىلاردا ئالدىنى ئېلىش تەييار-لىقى بولمايدۇ، ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت جىد-دىيلىشىش خاراكتېرلىك قېتىپ قېلىش بىلەن ئالمىشىپ كۆرۈلىدۇ.

(4) ئەزا خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىش

بۇ چوڭ مېڭىدە ئەزا خاراكتېرلىك كېسەللىك ئۆزگى-رىشى بولغاندا پەيدا بولىدىغان ھاياجانلىنىش ھالىتىدۇر. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىل ئالامەت مېڭە ئارتېرىيىسى قېتىش خاراكتېرلىك رو-
ھىي كېسەللىكلەردە، ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغان روھىي كې-
سەللىكلەردە، ئاستا خاراكتېرلىك زەخىملىنىشتىن بولغان
روھىي كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ھاياجانلى-
نىشنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھەرىكىتى كۆپ، قالايمىقان
بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش-
تىن ئىبارەت. ئادەتتە مۇددىئاسى بولمايدۇ. بۇ خىل كېسەل-
لەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئوخشىمىغان دەرىجىدە توسقۇن-
لۇققا ئۇچرىغان بولىدۇ. ئېغىر لاشقاندا دىۋەڭلىك ۋە تەبىئ-
تى نورمالسىز بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ
تەپەككۇر پائالىيىتى ئاستىلايدۇ، ئىنكاس قايتۇرۇش ۋاقتى
ئۇزۇن بولىدۇ، گەپ-سۆزى كۆپىيىدۇ. شۇنداقلا دائىم بىر
سۆزنى قايتىلايدۇ ياكى بىر گەپنى ئۇدا قىلىدۇ. كېسەلنىڭ
كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇپ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، دائىم
شادلىنىدۇ، يەنە بەزىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى كۇ-
لۇش، يىغلاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

2 . ياغاچتەك قېتىش ھالىتى

ئۇنىڭ تۇرلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

(1) جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك قېتىش

بۇ جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك يىغىندى ئالامەتلەردە
كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھەرىكەتنىڭ تورمۇزلىنىشىدىن
ئىبارەت. قېتىشنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، يېنىك
بولغاندا گەپ - سۆزى، ھەرىكىتى كۆرۈنەرلىك ئاستىلايدۇ،
گاللىشىدۇ، ئازلايدۇ. ئېغىر بولغاندا ھەرىكىتى پۈتۈنلەي

تورمۇزلىنىدۇ. سۇكۇت قىلىپ ئۈن چىقارمايدۇ، تاماق يې-
مەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ. داۋاملىق مۇقىم بىر ھالەتنى ساقلاي-
دۇ. تاياقتەك قېتىپ مىدىرلىمايدۇ، ھەر قانداق تەسىرگە
مەسىلەن: بەدىنىگە يىڭنە سانجىسىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس
قايتۇرمايدۇ. ھەتتا يۇتۇشىمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن،
شۆلگىيىنىمۇ يۇتمايدۇ، شالۋىقى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئېغىز
بوشلۇقى شىللىق پەردىسى دائىم شەلۋەرەپ قالىدۇ. چوڭ-
كىچىك تەرەتمۇ قىلمايدۇ، كۆندۈزى كارىۋاتتىن قوپمايدۇ،
لېكىن كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئورنىدىن تۇرۇپ
ئاستا ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم ئازراق يېمەكلىك يەيدۇ، سوئال-
غا تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاب بېرىدۇ. ئېغىر بولغاندا كېسەلنىڭ
پۇت قولىنى خالىغان شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەسى-
لەن: كېسەلنىڭ پۇت ـ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېگىپ
قويساق، ئۇزۇنغىچە شۇ خىل ھالەتنى ساقلايدۇ، بۇنى بىز
«شامدەك ئېگىلىش» دەپ ئاتايمىز. بەزىدە كېسەلنىڭ بېشى-
نى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياستۇقتىن ئايرىۋەتسەكمۇ، ئۇزۇن
ۋاقىت ياستۇقتا يېتىۋاتقاندەك يېتىۋېرىدۇ، بۇنى بىز «ھاۋا
ياستۇقى» دەپ ئاتايمىز. بۇ ۋاقىتتا ئادەتتە كېسەلنىڭ ئەس
ـ ھوشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان بولىدۇ. سىرتقى دۇنيادى-
كى ئۆزگىرىشلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ
بەدەن قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلسىمۇ قارشى ھەرى-
كەت قوللانمايدۇ. ساقايغاندىن كېيىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆز
ئەينى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش
كېسەللىكىنىڭ جىددىيلىشىش تىپىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

تۈيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(2) پسىخىكىلىق قېتىش

بۇ جىددىي ھەم كۈچلۈك، روھىي زەربىدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئىنكاس ھالىتىدۇر. مەسىلەن: يېقىن تۇغ‑قانلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلىمى، كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازا ۋە ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا ئىشلار. كلىنىكىدا ئومۇ‑مىيۈزلۈك تورمۇزلىنىش ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ، كېسەلنىڭ پائالىيىتى بەك ئازلاپ كېتىدۇ، ھاڭۋېقىپ سۈكۈت قىلىپ تۇرىدۇ، تاماق يېمەيدۇ، ھەتتا ياغاچتەك قېتىپ قالىدۇ. شۇنداقلا ۋېگتاتىپ نېرۋىلار فۇنكسىيىسى قالايمىقانلىشىش قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: يۈرەك سوقۇشىنىڭ تېزلى‑شىشى، يۈزىنىڭ قىزىرىشى ياكى سارغىيىپ كېتىشى، تەر‑لەش، كۆز قارىچۇقى يوغىناپ كېتىش قاتارلىقلار. بەزىدە ئەس ـ ھوشى يېنىك دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. سا‑قايغاندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى مەلۇم ئىشلارنى ئەسلىيەل‑مەيدۇ.

(3) خامۇشلۇق خاراكتېرىدىكى قېتىش

بۇنى جىددىي خاراكتېرلىك خامۇشلۇق كەلتۈرۈپ چى‑قىرىدۇ. كېسەلدا ھەر قانداق ئاكتىپ پائالىيەت ۋە تەلەپلەر كەمچىل بولىدۇ. ئىنكاسى ئاستىلايدۇ ھەمدە ھاڭۋېقىپ ئول‑تۇرۇپ مىدىرلىمايدۇ. يېتىۋېلىپ قوپمايدۇ، سۆزلىمەيدۇ، لېكىن قايتا سوراش، نەسىھەت قىلىش ئارقىسىدا سىرتقى تەسىرگە ماس ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مەسىلەن: بېشىنى لىڭ‑شىتىش، چايقاش، تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاب بېرىش. كېسەلنىڭ ھېسسىياتى، مەيلى چىراي ئىپادىسى، قىياپىتى جەھەتتىن

بولسۇن، ئىچكى دۇنياسى بىلەن ماس بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك، جىددىيلىش خاراكتېرلىك قېتىشتا كۆرۈلمەيدۇ.

(4) ئەزا خاراكتېرلىك قېتىش

بۇ خىل ئەھۋال ئاز كۆرۈلىدۇ، كۆپىنچە مېڭە ياللۇغىدىن كېيىن، مېڭە ئۆسمىسى مېڭە 3 ـ قېرىنچىسىگە بوسۇپ كىرگەندە، تۇتقاقلىقتا، مېڭە زەخىملىنىشتە ياكى جىددىي خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشتە كۆرۈلىدۇ. نېرۋا سىستېمىسىنى، پۇت ـ قولنى تەكشۈرگەندە ۋە لابوراتورىيەلىك تەكشۈرگەندە ماس ھالدىكى بەدەن بەلگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان ھەم دىۋەڭ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

3. بويۇن تولغاش ئالامىتى (قارشىلىق كۆرسىتىش ئالامىتى)

كېسەل باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئورۇنلۇق تەلەپلەرنى ئورۇنلىمايلا قالماستىن يەنە قارشىلىق قىلىدۇ. مەسىلەن: كۆزۈڭنى ئاچ دېسە يۇمۇۋالىدۇ، ئولتۇر دېسە قوپۇۋالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

4. پاسسىپ بويسۇنۇش

كېسەل باشقىلارنىڭ تەلىپى، بۇيرۇقىغا پاسسىپ ھالدا بويسۇنىدۇ. ھەتتا كۆڭۈلسىز، ئەھمىيەتسىز، ئۆزىنى قىينايدىغان ئىشلارغىمۇ بويسۇنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

5. ئادەت بولۇپ قالغان ھەرىكەت

بۇ، ئادەت بولۇپ قالغان سۆز بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كېسەل ئۆزلۈكسىز بىر ھەرىكەتنى تەكرار قىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ ھېچقانداق بىر مەنىسى ياكى مەقسىتى بولمايدۇ. بۇ خىل ئالامەت رەندىلىمە سۆز بىلەن بىرگە پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

6. دورالغان ھەرىكەت

بۇ، دورالغان سۆز بىلەن ئوخشاش خاراكتېردە بولۇپ، ئىككىسى بىرگە پەيدا بولىدۇ. كېسەل مەقسەتسىز ھالدا ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ جىددىيلىشىش تىپىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

7. قىلىق چىقىرىش

كېسەل بىر خىل ئەخمىقانە ۋە گۆدەكلەرچە قىلىقلارنى قىلىدۇ، لېكىن غەلىتە ئەمەس. ئەمما باشقىلارغا قەستەن شۇنداق قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن: پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىش، ئاۋازىنى غەلىتە چىقىرىپ باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش.

8. غەلىتە قىلىق، غەيرىي ھەرىكەت

بۇ خىل كېسەلنىڭ ھەرىكىتى غەلىتە، غەيرىي، ئاجايىپ ـ غارايىپ، چۈشىنىكسىز بولۇپ، سەۋەبسىزلا قاش ـ كۆزىنى ئويىنىتىدۇ. ھەر خىل قورقۇنچلۇق چىراي ئىپادىسى قىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەل تۇيۇقسىز كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ، ئۆمىلەپ يۈرىدۇ، ئىتتەك قاۋايدۇ، گارشۇكنى

بىشىغا كېيىۋالىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئېلىشىپ قېلىش كې-
سەللىكىنىڭ ياشلىق تىپىدا كۆرۈلىدۇ.

9. ئۇدا قىلىدىغان ھەرىكەت

بۇ، ئۇدا قىلىنىدىغان سۆز بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىككىسى بىر گە پەيدا بولىدۇ. كېسەل بىر ھەرىكەتنى قايتا-قايتا قىلىۋېرىدۇ.

10. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەت

كېسەل ئۆزىنىڭ خائىشىغا ماس كەلمەيدىغان، ئۆزى خالىمايدىغان ئىشلارنى توختىماي قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت كې-سەلنىڭ ئىرادىسى ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ. شۇڭا كې-سەلدە ئازابلىنىش ھېسسىياتىمۇ بولمايدۇ.

11. ئۆز - ئۆزىنى زورلاش ھەرىكىتى

ئۆزىنىڭ خائىشىغا خىلاپلىق قىلىدۇ. كېسەل قىلماي دەپ ئويلىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ. مەسىلەن: كېسەل توختىماي قولىنى يۇيىدۇ، قوللىرى يېرىلىپ كەت-سىمۇ يەنىلا يۇيىۋېرىدۇ. كېسەل ئىشىكنى تاقىغان تۇرۇق-لۇق، كۆڭلىدە ئىشىكنى تاقالمىدى، دەپ قاراپ قايتا تەك-شۈرىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك نا-ھايىتى ئازابلىنىدۇ. داۋالىنىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ئۆز - ئۆزىنى مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلىدە كۆرۈلىدۇ. يەنە ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىمۇ كۆرۈ-لىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلىشىپ قېلىش كېسىلى

**ئىلىشىپ قېلىش كېسىلى دېگەن نېمە؟**

بۇ، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان بىر خىل روھىي كېسەللىك بولۇپ، كېسەلنىڭ تەپەككۇر قىلىش، تونۇش، ھېسسىيات، مىجەز ـ خۇلق ۋە ھەرىكەت قاتارلىق روھىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېسەللىك قۇرامىغا يەتكەن ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ خىل روھىي كېسەللىكتە كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى، ئەقلىي قابىلىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ.

## 1. ئىلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

مەزكۇر كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم تۆۋەندىكى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

1. ئىرسىيەت ئامىلى

ئۇزاق ۋاقىتتىن بويانقى كېسەللەرنىڭ جەمەتىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئىلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىچىدە ئىرسىيەت ئامىلى موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدا بۇ خىل كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ئادەتتىكى نورمال كىشىلەرنىڭ جەمەتىدە پەيدا بولۇش نىسبىتىدىن خېلى يۇقىرى بولىدۇ.

Kallmann, Schulz قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ 65 ئائىلىگە قارىتا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەرئىككىلىسى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا، بالىلىرىنىڭ مۇشۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 70%~35 بولىدىكەن، Kallmann 1938 - يىلى 1087 نەپەر ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ بېشارىتى بار كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋۆق تۇغقانلىرىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتىنى ستاتىستىكا قىلغاندا ھەر بىر ئەۋلاد تۇغقانلىرىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 16.4%~4.3 بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە بالىلىرىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 16.4%، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 14.3%~11.5، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 10.3% ~ 9.2، بىر تۇخۇمدىن يېتىلگەن قوش كېزەكلەرنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 69%، قوش تۇخۇمدىن يېتىلگەن قوشكېزەكلەرنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 10% بولغان.

2. ئىجتىمائى مۇھىت، پسىخولوگىيە ۋە بەدەن ئامىلى

(1) ئىچكى ئاجراتما ئامىلى

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى كۆپ ئەھۋاللاردا ياشلىق دەۋرىدە جىنسى ئەزالىرىنىڭ يېتىلىش جەريانىدا پەيدا بولىدۇ، بەزى ئاياللاردا تۇغۇتتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىش نىسبىتى ھەيز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېسەللىش مەزگىلىدىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، يوقۇرقىلاردىن ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئىچكى ئاجراتما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇ كېسەللىكنى قالقانسىمان بەز، جىنسىي بەز، بۆرەك ئۈستى بېزى، ھىپوفىز فۇنكسىيىسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلاردىن ئېنىق يەكۈن چىقىرىلمىدى.

(2) كېسەل پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى خاراكتېر

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ كېسەل بولۇشتىن بۇرۇنقى خاراكتېرى بىر قەدەر ناچار بولىدۇ. مەسىلەن: تەنھا، ئىچ مىجەز، نۇمۇسچان، تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىقى كەمچىل، خىيالچان بولىدۇ. چەت ئەلدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئېلىشىپ قالغان كېسەللەرنىڭ %60~50 نى يۇقىرىقىدەك خاركتېرگە ئىگە ياكى ئائىلىسىدە يۇقىرىقىدەك خاركتېرگە ئىگە كىشىلەر بار دەپ قارايدۇ.

(3) مۇھىت ئامىلى

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى ھەرخىل روھىي زەربە ۋە بەزى كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولىدۇ.

(4) ئىجتىمائى موھىت پسىخىكا ئامىلى

دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئىقتىسادى ناچار نامرات كىشىلەر ئارىسىدىكى قوزغىلىش نىسبىتى %10.16، خىزمىتى يوق كىشىلەر ئارىسىدىكى قوزغىلىش نىسبىتى %25.4~7.5، ئىقتىسادى كىرىمى يۇقىرى كىشىلەر ئارىسىدىكى قوزغىلىش نىسبىتى %4.75، خىزمىتى بار كىشىلەر ئارىسىدىكى

قوزغىلىش نىسبىتى 2.9～6.87% بولۇپ، بۇنىڭدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ. تەيۋەندىكى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت تۈزىدىكەن. مەسىلەن: كەسپى يوق ياكى تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەرنىڭ روھىي كېسەل بولۇش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. ئېھتىمال بۇ ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان روھىي جەھەتتىكى بېسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

3. نېرۋا، بىئوخىمىيە، پاتولوگىيىلىك تەتقىقاتلار

(1) دوپامىن (多巴胺) فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچىيىشى توغرىسىدىكى پەرەز

نۇرغۇن روھىي كېسەللىك دورىلىرىنىڭ فارماكولوگىيىلىك تەسىرى بەدەندىكى دوپامىن تەنچە فۇنكسىيىسىنى توسۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئۇزۇن مەزگىل كۆپ مىقداردا ئامفېتامىن (苯丙胺) ئىچكەن كېسەللەردە ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ خام خىيال تىپىغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ بەزى خىيال تىپىنىڭ پەيدا بولۇشى مېڭە ھۈجەيرىلىرىدىكى دوپامىن فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ.

(2) 5 — TH (五羟色胺) توغرىسىدىكى پەرەز

بەزى ماتېرىياللاردا 5—TH نىڭ تۆۋەنلىشى ۋە مېڭە قىرىنچىسىنىڭ يوغىنىشىنى بۇ خىل كېسەللىك بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئىسپاتلىنىشىچە قان پلازمىسىدىكى 5 ـ ھىدروكسى تربپتامىنىنىڭ يۇقىرىلىشى خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى بىلەن ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت تۈزىدىكەن، ئۆزىنى بىلىش كۈچى ۋە ئۇقۇمنىڭ قالايمىقانلىشىشى بىلەن تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت تۈزىكەن.

(3) MAO (单氨氧化酶) نىڭ ئاكتىپچانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات

MAO بولسا، TH — 5 نىڭ پارچىلىغۇچى فېرمېنتى بولۇپ، ئېلىشىپ قالغان كېسەللەردە ئۇنىڭ مىقتارى نورمال ئادەمگە قارىغاندا تۆۋەن بولىدۇ.

4. مېڭە پاتولوگىك ئاناتومىيە ۋە مېڭە قورۇلمىسىغا ئائىت تەتقىقاتلار

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نۇرغۇن ئالىملار مېڭىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، MRI, CT قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى، گەرچە روھىي كېسەللەرنى بولۇپمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي كېسەللەرنى ئىرسىيەت، ئىچكى ـ تاشقى موھىت ئامىلى ۋە پسىخىكا قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولىدۇ دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئېلىشىپ قالغان كېسەللەرنىڭ مېڭىسىنىڭ ئانوتومىيىلىك قورۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى بايقالغان. مەسىلەن: مېڭە قېرىنچىسىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى، مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ يېنىك دەرىجىدە يىگىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا مىكروسكوپتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق مېڭە نېرۋا ھۆجەيرىلىرد-

نىڭ چىكىنىش خاراكتېرلىك ئۆزگەرگەنلىكى بايقالغان. لېكىن يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

## 2. ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى

ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى ھەرخىل بولۇپ، ئادەتتە كېسەلنىڭ قوزغىلىش تىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كلىنىكىدا بۇ كېسەلنىڭ قوزغىلىش شەكلى ھەر خىل بولۇپ، قوزغىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سوزۇلما خاراكتېرلىك، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ۋە سۇس ئۆتكۈر خاراكتېرلىك دەپ 3 تىپقا ئايرىلىدۇ. كلىنىكىدا سوزۇلما خاراكتېردە قوزغىلىدىغان تىپى كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك جەريانى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە كېسەلنىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنى توغرا پەرەز قىلىش قىيىن. دەسلەپتە ئالامەتلەر ئىچىدە كېسەلنىڭ مىجەز خۇلقىنىڭ ئۆزگىرىدۇ ۋە نېۋروزغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنداق كېسەلنىڭ روھىي پائالىيىتى تەدرىجىي سۇسلىشىدۇ، باشقىلارغا سوغاق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئادەم خالىمايدۇ، يالغۇز يۈرىدىغان، يېقىنلىرىدىن قاچىدىغان ھەم ئۇلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان ياكى تەدرىجى ئاز گەپ قىلىدىغان، ئۆزى بىر يەردە دەلتىدەك جىم ئولتۇرۇۋالىدىغان ياكى مەقسەتسىز سىرتلاردا ئايلىنىپ يۈرىدىغان، تۇرمۇشتا رەتسىز، ھورۇن، خىزمەت ئورنى ياكى مەكتەپ تۈزۈمىگە رىئايە قىلمايدىغان، ئەتراپتىكىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەرنىڭ خاراكتېرىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ. ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ، گۇمانخور بولۇپ قالىدۇ. بەزىلىرى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ خام خىياللارغا پېتىپ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن كۈلۈپ، سۆزلەپ يۈرىدۇ. سەۋەبسىز قورقىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر كېسەللىك دەپ قارىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېسەلنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ، بەزى كېسەللەردە نېۋروزغا ئوخشاش ئالامەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: سەۋەبسىز بىئارام بولۇش، ئۇيقۇسىزلىق، بېشى ئاغرىش، ھارغىنلىق ھېس قىلىش، دىققىتىنى يىغالماسلىق، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇش، خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى كەمچىل بولۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەش قاتارلىق ئالامەتلەر نەچچە ئايدىن نەچچە يىلغىچە داۋام قىلىدۇ.
يەنە بەزى كېسەللەردە سەزگۈ، تۇيغۇ بىرگە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، كېسەل خۇددى بەدەن شەكلى ئۆزگىرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، مەسىلەن: يۈز ـ كۆزى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، قول ـ پۇتلىرى ئوخشاش ئەمەستەك بىلىنىدۇ.

يەنە بەزى كېسەللەردە گەرچە كېسەللىكنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى بولمىسىمۇ كېسەلدە بىتاپ بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ ياكى كېسەل شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دەسلەپكى ئالامەتلەر مۇقىم، بىر خىل بولمايدۇ، ئىپادىلىنىش شەكلى ھەرخىل بولىدۇ. بەزى چاغلاردا يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئىپادىلەنسە، بەزىدە يۇقىرىقى ئالامەتلەر يوقىلىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆپ ئەھۋالدا

يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ، باشقىلار ئاسانلىقچە بايقىيالمايدۇ، بەزى كېسەللەردە سۇس ئۆتكۈر قوزغىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا گۇمانلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈشتىن ئىنىق روھىي كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگىچە ئىككى ھەپتىدىن ئۈچ ئايغىچە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ خىل تىپتىكى كېسەللەردە ئاساسەن قايغۇرۇش، ئىككىلىنىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ. ئاسانلا زورمو ـ زور ھەرىكەت قىلىش پسىخىكىسى ياكى كېسەلدىن گۇمان قىلىش ئويىنى كىرنۋىلىپ، تەدرىجىي بىئۇدە خىيال شەكىللىنىدۇ. جىددىي خاراكتېرلىك كېسەللەردە ئادەتتە ئىككى ھەپتە ئىچىدە كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، كېسەللەر تۇيۇقسىز ئەسەبىلىشىدۇ، نەرسىلەرنى بۇزۇپ چاقىدۇ، ھەرىكىتى نورماللىقسىزلىشىدۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى قورقۇپ ئارامسىزلىنىدۇ ياكى سەۋەبسىزلا خوش بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بەزىدە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىش بىلەن بىرگە كېلىدۇ، كېسەل ساقايغاندىن كېيىن، بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلىيەلمەيدۇ.

## 3. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى

ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى ھەرخىل بولۇپ، ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى كلىنىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خاسلىقتا ئىگە ئالامەتلەر ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلىمىز.

خاسلىقتا ئىگە ئالامەتلەر، كېسەلنىڭ روھىي

پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشى بىلەن ئەتراپتىكى موھىتقا ماسلىشالماسلىقىنى، ھەمدە كېسەلنىڭ تەپەككۇر، ھېسسىيات، ئىرادە خۇلق ـ مىجەزىنىڭ ئۆز ئارا ماسلاشماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلەر ھەرگىز ھەر خىل تىپتىكى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما بەلگىلىك تىپ، بەلگىلىك باسقۇچتىكى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ مۇھىم ۋە گەۋدىلىك ئالامىتى بولالايدۇ.

1. خاسلىقىقا ئىگە ئالامەتلەر:

(1) تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى بۇنىڭدا تەپەككۇرنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە لوگىكىلىقى مۇكەممەل بولمايدۇ. ئالاھىدىلىكى بولسا، كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى ياخشى ئەھۋال ئاستىدا، تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشى چېچىلاڭغۇ ياكى ئۈزۈلگەن بولىدۇ، كونكرېتلىقى بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقى كەمچىل بولىدۇ، ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى تەپەككۇرنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇپ، كېسەلنىڭ سۆزلىگەن ۋە يازغان جۈملىلىرىنىڭ يېزىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى توغرا بولسىمۇ، ئەمما جۈملە بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا، ئۇقۇم بىلەن ئۇقۇم ئوتتورىسىدا مەنە جەھەتتىن باغلىنىش بولمايدۇ. يەنە بەزىدە تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسىسى ئىشەنچىسىز غەيرىي بولىدۇ ياكى مەركىزىي ئىدىيىسىنى ۋە مەقسىتىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايدۇ. كېسەللىك ئىنتايىن ئېغىرلاشقاندا جۈملە ئىچىدىكى سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىمۇ باغلىنىش بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كېسەللەر سورىغان سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ، كېسەل بىلەن پاراڭلىشىش ياكى سۆزلىشىش ئىنتايىن قېيىنغا توختايدۇ، بۇخىل توسقۇنلۇققا ئۇچراش

كىشىلىكنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا كۆرۈلىدۇ، بۇخىل كىشىلىك ئالامىتىنى تەپەككۇرنىڭ چېچىلاڭغۇلىقى دەيمىز. تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولسا، كىشىلەر ئادەتتىكى سۆز ياكى جۈملە، مەلۇم بىر ئىسىم، ھەتتا بىرخىل ھەرىكەت بىلەن مەلۇم بىر ئالاھىدە مەنانى ئىپادىلەيدۇ، بۇنى كىشىلەردىن باشقا ھەر قانداق ئادەم چۈشەنمەيدۇ. بۇنى بىز سىمۋول خاراكتېرلىك تەپەككۇر دەپ ئاتايمىز. يەنە بەزى كىشىلەر بىرنەچچە سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭدىن يېڭى مەنا ئىپادىلەيدۇ ياكى بىر يېڭى سۆز ياسايدۇ. بەزى كىشىلەر تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا ياكى پاراڭ قىلىۋاتقان چاغدا ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسىمۇ، باشقىلار سۆزىنى بۆلىۋەتمىسىمۇ تۇيۇقسىز توختاپ قالىدۇ، بۇنى تەپەككۇرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى دەپ ئاتايمىز. بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن يېڭى ئۇقۇملار پەيدا بولىدۇ ياكى تەپەككۇرى تۇيۇقسىز يېڭى بىر تېمىغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆزى كونترول قىلالمايدۇ، شۇڭا كۆپ ئەھۋال ئاستىدا بىھۇدە خىيال خاراكتېرىدىكى ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى سىرتقى كۈچنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونترول قىلىشى ئاستىدا تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(2) ھېسسىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

ھېسسىياتنىڭ سۇسلىشىشى، كىشىلىنىڭ كەيپىياتىنىڭ تەپەككۇر مەزمۇنى ۋە تاشقى مۇھىت بىلەن ماسلاشمىغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېلىشىپ قېلىش كېسەلىنىڭ مۇھىم ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ دەسلەپتە تەسىرگە ئۇچرايدىغىنى بىر قەدەر نازۇك ھېسسىيات،

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: كېسەلنىڭ خىزمەتداشلىرىغا بولغان كۆيۈنۈشى، ھېسداشلىق قىلىشى، ئائىلىدىكىلىرىگە كۆيۈنۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى، دەردىگە يېتىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولمايدۇ، ئەتراپتىكى مۇھىتقا بولغان ئىنكاسى ئاستىلايدۇ ياكى بىغەملىشىپ كېتىدۇ، تۇرمۇش، ئۇگىنىشكە بولغان تەلىپى تۆۋەنلەيدۇ، قىزىقىشى ياكى ھەۋىسى ئازلايدۇ. كېسەللىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كېسەلنىڭ ھېسسىي پائالىيەتلىرى ھەددىدىن زىيادە سۇسلىشىدۇ، بەزى كېسەللەردە ھەرقانداق بىر ئىشلارغا، ھەتتا ئادەتتە بىر ئادەم كۆتۈرەلمەيدىغان چوڭ زەربىلەرگە قارىتا ھېچ قانداق بىر ئىنكاس بولمايدۇ. گومۇش بولۇپ قالىدۇ ياكى ھەممىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. تۇغقانلىرى يىراق يەردىن يوقلاپ كەلسىمۇ، قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدۇ، ھېچ قانداق بىر ئىش بولمىغاندەك سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ يۈرىدۇ، كېسەلنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ھەرقانداق ئامىللارنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىن ئورتاقلىق شەكىللەنمەيدۇ. كېسەللەرنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى سۇس ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇششاق ئىشلارغا ناھايىتى چىچىلىپ كېتىدۇ، يەنە بەزىدە كېسەلنىڭ ھېسسىياتى تەتۈر بولۇپ قالىدۇ. كېسەل يىغلاپ تۇرۇپ شوخ ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەيدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدە بەزى كېسەللەر ئۆزىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەرق ئېتەلەيدۇ. مەسىلەن: بەزى كېسەللەر، مەن گەرچە كۈلسەممۇ لېكىن كۆڭلۈم بەك يېرىم دەيدۇ... قاتارلىقلار.

(3) ئىرادە پائالىيىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

ھېسسىياتىنىڭ سۇسلىشىشى بىلەن تەڭ كېسەللەرنىڭ ھەرىكىتى ئازلايدۇ، ئاكتىپچانلى ى تۆۋەنلەيد ھەرىكىتى پاسسىپلىشىدۇ، ئىرادىسى ئاجىزلايدۇ. كېسەلنىڭ ئىجتىمائى ئالاقە، خىزمەت، ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا بولغان تەلىپى تۆۋەن بولىدۇ. ئاكتىپلىق بىلەن باشقىلارغا ئارىلاشمايدۇ. ئۆگىنىش، ئەمگەك، تۇرمۇشقا بولغان تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقى تۆۋەن، ھورۇن بولۇپ، سەۋەبسىز دەرسكە قاتناشمايدۇ، خىزمەتكە چىقمايدۇ. ئېغىرلاشقاندا ھەرىكىتى ھەددىدىن زىيادە پاسسىپلىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز يېتىۋالىدۇ ياكى دەلتىدەك بىر جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ، ھېچقانداق ئىش قىلماي يۈرىدۇ، ئايلاپ ـ يىللاپ چاچلىرىنى تارىمايدۇ، ياساتمايدۇ، يۇمايدۇ. ئاغزىدا بەلغەم بولسىمۇ تۈكۈرمەيدۇ. ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلاپ، ھەرىكىتىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ كېسەللەر كۈندىن ـ كۈنگە يالغۇز يۈرۈپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر يېمەيدىغان نەرسىلەرنى يەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: سوپۇن، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئوت چۆپ، مەينەت سۇ قاتارلىقلار. بەزىلىرى ئۆزلىرىنى زەخىملەندۈرۈۋالىدۇ، كېسەلدە مەلۇم شەيئىلەرگە نىسبەتەن زىت ئوي ـ پىكىر بولىدۇ، مەسىلەن: كېسەلنى مەلۇم ئىشنى قىلىشقا بۇيرىسا، جاھىللىق بىلەن شۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەلنى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ دېسە، كۆزىنى يۇمىۋالىدۇ، بەزى كېسەللەرنىڭ بەدەن شەكلىنى باشقىلار ئۆزگەرتىپ قويسا، مەسىلەن: بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويسا ياكى ياتقاندا بېشىدىكى ياستۇقنى ئېلىۋەتسە، كېسەللەر شۇ ھالىتىنى ساقلايدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر باشقىلارنىڭ سۆز ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىنى مۇددىئاسىز دورايدۇ، يەنە بەزى كېسەللەر تۇيۇقسىز ئەسەبىيلىشىپ، سەۋەبسىزلا ئادەم ئۇرىدۇ، بىر نەرسىلەرنى چاقىدۇ. مەسىلەن: بىر نەچچە كۈن بىر جايدا ئولتۇرغان كېسەل ئۇشتۇمتۇت سەكرەپ تۇرۇپ، ئىشىك دېرىزىلەرنى چېقىۋېتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئارقىدىن يەنە كارىۋاتقا چىقىپ جىم يېتىپ قالىدۇ، ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆزى باشقۇرالمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەپەككۇر، ھېسسىيات، ئىرادە پائالىيىتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىكى روھىي پائالىيەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى نەتىجىسىدە كېسەللەرنىڭ روھىي پائالىيىتى ئەتراپتىكى مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھەرىكىتى چۈشىنىكسىز بولىدۇ، باشقىلارغا ئارلاشماي يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەللەر ئۆزلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى باشقىلارغا ئېيتماي ئۆزى كۈلۈپ ياكى خاپا بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى قىلچە چۈشەنمەيدۇ.

## 2. باشقا كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلەر

### (1) خىيالىي تۇيغۇ ۋە سەزگۈ بىلەن تۇيغۇنىڭ ئورتاق توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

خىيالىي تۇيغۇ ئېلىشىپ قالغان كېسەللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئالامەت بەزىدە ناھايىتى جاھىل بولىدۇ، ئاسان يوقالمايدۇ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى بولۇپ، ئاساسلىقى پاراڭ خاراكتېرلىك خىيالىي تۇيغۇ كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەل قوشنىلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. مەزمۇنى

كۆپ هاللاردا كېسەلنى خاپا قىلىپ قويىدۇ، ئاللاھىدىلىكى شۇكى، كېسەل ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەملەرنىڭ ئۆزى توغرىلىق سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئۆزىنى باھالاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ.

كېسەلدە پەيدا بولغان خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى بەزىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك بولىدۇ. كېسەل ئۆزىگە تەھدىت سالىدۇ، مەسىلەن: «ئاۋاز» كېسەلگە تاماق يېمەسلىك، بىنادىن ياكى ماشىنىدىن سەكرەش توغرۇلۇق بۇيرۇق قىلىدۇ، ھەتتا بەزى كېسەللەر كىتاب ئوقۇسىمۇ «ئاۋاز» ئاۋال قەيەردىن ئوقۇش توغرىسىدا كېسەلگە بۇيرۇق قىلىدۇ، مەسىلەن: كېسەل بىرىنچى قۇرنى ئوقۇ... بەشىنچى قۇرنى ئوقۇ... دېگەندەك بۇيرۇق ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، كېسەل تاماق ئېتىۋاتقاندا تاماقنى قانداق ئېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ، بۇنداق ئاۋازلار كېسەلنى ئەيىبلەيدۇ، كېسەل توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىدۇ. كېسەل ئۆزى توغرىسىدا بولۇۋاتقان ھەربىر سۆز - جۈملىلەرنى ئېنىق ئاڭلايدۇ، شۇڭا ناھايىتى ئازابلىنىدۇ، بەزى كېسەللەر ئاڭلىغان خىيالىي ئاۋازلار كېسەلنىڭ ئوي - پىكرىنى قايتا تەكرارلايدۇ، بۇنى تەپەككۇرنىڭ ياڭرىشى دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: كېسەل تاماق يېمەكچى بولسا، «تاماق يېگىن، تاماق يېگىن» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. كېسەللەرنىڭ ھەرىكىتىنى خىيالىي ئاۋاز كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن: كېسەل بەزىدە خىيالىي ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاچچىقلىنىدۇ ياكى كۈلىدۇ ياكى قورقۇش ھېس قىلىدۇ، بەزىدە يەنە پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ ياكى ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىياپەتتە تۇرىدۇ، نورمال كىشىلەرگە كېسەل ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، بىكاردىنلا ئاچچىقلانغاندەك ياكى سەۋەبسىزلا كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، كلىنىكىدا خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەردە پەيدا بولغان خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى خۇددى راستەك رەڭگى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مەزمۇنى كۆپ ئەھۋاللاردا غەيرىي، ئاجايىپ ـ غارايىپ بولىدۇ، مەسىلەن: بېشى يوق ئادەمنىڭ سىماسىنى كۆرۈش، چىراق ئەتراپىدا چوڭ ـ كىچىكلىكى باش مالتاقچىلىق ئادەملەرنى كۆرۈش قاتارلىقلار. خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى بەزىدە كېسەلنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولىدۇ، بۇنى كېسەل «ئىچكى كۆزۈم»دە كۆردۇم دەيدۇ. خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى كۆپ ئەھۋاللاردا يالغۇز كۆرۈلمەيدۇ. باشقا ئالامەتلەر بىلەن بىرگە كۆرۈلىدۇ، بىر نەچچە خىل خىيالىي تۇيغۇ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت بۇخىل كېسەللەردە پۇراش، تېتىش، تېگىش قاتارلىق خىيالىي تۇيغۇلارمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: خىيالىي تېگىش تۇيغۇسى پەيدا بولغان كېسەللەردە توك سوقۇۋېتىكەندەك، بەدىنىدىكى بەزى ئەزالار تارتىشىۋاتقاندەك سېزىم بولىدۇ. بەزىدە تاماق كېسەلگە غەيرىي، سېسىق پۇرايدۇ، سەزگۈ بىلەن تۇيغۇنىڭ بىرگە توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىدە بىرقەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كېسەلگە بەدىنىنىڭ بىرقىسمىدا ئۆزگىرىش بولغاندەك، ئوڭ ـ سول پۇتىنىڭ چوڭلۇقى ئوخشاش ئەمەستەك، يۈزى يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك ياكى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

(2) بىھۇدە خىيال

بۇ ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى. بەزى كېسەللەردە بىھۇدە خىيال ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە قەست قىلىش خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيال كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: باشقىلار تاماققا زەھەر سېلىپ قويغاندەك، كۆزىتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى قەستلەۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنىش. تەسىر قىلىش خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيالمۇ كلىنىكىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: كېسەل ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، سىرتقى كۈچ مېنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىكتىن گۇمان قىلىش خاراكتېرلىك، ئاشىق بولۇش خاراكتېرلىك، ھەسەت قىلىش خاراكتېرلىك بىھۇدە خىياللارمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(3) جىددىيلىشىش يىغىندى ئالامىتى

بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك قېتىش بولۇپ، كېسەل گەپ قىلمايدۇ، مىدىرلىمايدۇ، بۇيرۇققا بوي سۇنمايدۇ (كېسەل ئۇن ـ تۇنسىز بۇيرۇغان ئىشنىڭ قارشىنى قىلىدۇ) ياكى پاسسىپ ھالدا بوي سۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسكۇلىنىڭ قارشىلىق كۈچى ئارتىپ كېتىدۇ، كېسەللەرنىڭ قىياپىتى تەبىئىي بولمايدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئۇخلاۋاتقاندا ياستۇقنى ئېلىۋەتسىمۇ، بېشىنى كارۋاتقا قويماي ئۇزۇن ۋاقىت ياتالايدۇ ياكى بىمار ياتقان چاغدا بەدىنىنى ياكى قول ـ پۇتنى ھەرخىل شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغىلى بولىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر جىددىيلىشىپ ئۆزىنى باسالمايدۇ ياكى ھاياجانلىنىپ قالايمىقان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 4 . ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ كلىنىكىلىق تىپلىرى

1 . ئاددىي تىپى

بۇ تىپ ئېلىشىپ قالغان كېسەللەرنىڭ % 4 ~ 1 نى ئىگىلەيدۇ، ياش ـ ئۆسمۈرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ، كېسەلنىڭ قوزغىلىشى ئاستا بولىدۇ، كېسەل يالغۇزلۇقنى خالايدۇ، پاسسىپلىشىدۇ، ھەرىكىتى ئازىيىدۇ، ھورۇنلىشىپ كېتىدۇ، تۇرمۇشى رەتسىز بولىدۇ. ھېسسىياتى تەدرىجىي سۇسلىشىپ، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى تۆۋەنلەيدۇ، دوستلىرىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەرىكىتى كونىدىن ـ كونىگە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىدۇ. ئادەتتە خىيالىي تۇيغۇ ۋە بىھۇدە خىيال پەيدا بولمايدۇ، ئەگەر پەيدا بولسا ۋاقىتلىق بولىدۇ، بۇ خىل ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتا بولغانلار دەسلەپكى مەزگىلدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ، نەچچە يىل ئۆتۈپ، كېسەللىك ئەھۋالى تەرەققىي قىلىپ ئېغىرلاشقاندا باشقىلار ئاندىن بايقايدۇ. بۇخىل تىپتىكى كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۆزلۈكىدىن يېنىكلەپ قالىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىمۇ ياخشى ئەمەس.

2 . ياشلىق تىپى

بۇخىل تىپ ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى ئىچىدە بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان تىپ بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدە ئۆتكۈر خاراكتېردە ۋە سۇس ئۆتكۈر خاراكتېردە قوزغىلىدۇ. كلىنىكىلىق ئالامىتى، سۆزلىرى كۆپىيىش، مەزمۇنى ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ، چۈشۈنۈكسىز بولۇش، تەپەككۇرى

قالايمىقانلىشىش، ھەتتا تەپەككۇرى بۇزۇلۇشتىن ئىبارەت. ھېسسىيات جەھەتتە كېسەلنىڭ خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقى قالايمىقان نورمالسىز بولىدۇ، غەيرىي چىراي ئىپادىلىرىنى چىقىرىدۇ، ھەرىكىتى گۆدەكلەرچە، ئەخماقلارچە غەلىتە بولىدۇ. بەزىدە باشقىلارغا ئېتىلىپ ئۇرۇشىدۇ، كېسەلنىڭ جىنسى تەلىپى كۈچىيىدۇ، تاماقنى كۆپ يەيدۇ، بەزىدە مەينەت نەرسىلەرنى ھەتتا چوڭ ـ كىچىك تەرەتلەرنى يەيدۇ، بىھۇدە خىيالنىڭ مەزمۇنى ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇ خىل كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولىدۇ. بەزىدە كېسەللىك ئالامىتى يېنىكلەپ قالغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كېسەللىك يەنە قايتا قوزغىلىدۇ. روھىي كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرغۇچى دورىلار بىلەن سىستېمىلىق داۋالىغاندا داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

### 3. جىددىيلىشىش تىپى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ بۇ خىل تىپى ئاز كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل تىپ كۆپىنچە ياشلاردا ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك قېتىش بىلەن جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىش ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامىتىدۇر. جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك قېتىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھەرىكەتنىڭ تورمۇزلىنىشى بولۇپ، يېنىكلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ، ئاز گەپ قىلىپ، ئاز ھەرىكەت قىلىدۇ ياكى ئۇزۇنغىچە بىر خىل ھالەتنى ساقلاپ مىدىرلىمايدۇ. ئېغىر بولغاندا پۈتۈن كۈن كارىۋاتتىن قوپماي ياتىدۇ، تاماق يېمەيدۇ، ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئۈن چىقارمايدۇ، ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئىنكاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتۇرمايدۇ. بەلغەمنى تۆكۈرمەيدۇ ياكى يۇتۇۋەتمەيدۇ، شالۋۇنقى ئېقىپ تۇرىدۇ. مۇسكۇل تەرەڭلىكى كۈچىيىپ شامدەك ئىگىلىش كېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە خىيالىي تۇيغۇ ۋە بىھۇدە خىيالمۇ پەيدا بولىدۇ، جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىشتا كېسەللەر تۇيۇقسىز ئەسەبىلىشىپ كېتىدۇ، ھەرىكىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇزۇن مۇددەت كارىۋاتتا ياتقان كېسەللەر تۇيۇقسىز قوپۇپ بىر نېمىلەرنىلى چاقىدۇ، باشقىلارنى سەۋەبسىزلا زەخىملەندۈرىدۇ، مەقسەتسىزلا ئۆي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭىدۇ، ھەرىكىتى غەيرىي، سۆزىنىڭ مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى دورايدۇ، داۋالاش ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى.

4. جاھىل تىپى

بۇ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر تىپ بولۇپ، چوڭلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ، كېسەلنىڭ قوزغىلىشى بىرقەدەر ئاستا بولىدۇ. كېسەللەر دەسلەپتە گۇمانخور، سەزگۈر بولۇپ كېتىدۇ، كېيىنچە بىھۇدە خىيالغا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ خىل تىپنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى بىھۇدە خىيال بولۇپ، خىيالىي تۇيغۇ بەزىدە بىرگە پەيدا بولىدۇ.

## 5. ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار

تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە نورمال كلىنىكىلىق داۋالاش جەريانىدا ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان

كېسەللەرنىڭ %50تىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ 1 يىل ئىچىدە قايتا قوزغىلىدىكەن. %80 نىڭ 5 يىل ئىچىدە قايتا قوزغىلىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال كېسەل ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇچۇن ئىيتقاندا چوڭ بىر ئاپەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن روھىي كېسەللىك دورىلىرىنى داۋاملىق مۇۋاپىق ئىشلىتىپ تۇرغاندا 1 يىلدىن كېيىنكى قايتا قوزغىلىشنى تەخمىنەن %16 تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. گەرچە نۇرغۇن تەتقىقاتلاردا ئىرسىيەت ئامىلى، كېسەلنىڭ كېسەل بولۇشتىن بۇرۇنقى خاراكتېرىنىڭ ناچار بولۇشى قايتا قوزغىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كېسەل تارىخى ئۇزۇن بولغان ئېلىنىشىپ قىلىش كېسىلىنىڭ قايتا قوزغىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ، لېكىن كلىنىكىدا كېسەلنىڭ قايتا قوزغىلىشىنى ئاساسلىقى دورا بىلەن داۋالاشنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، بولىدۇ دەپ قارايمىز.

بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب:

1. كېسەلنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەب

كېسەل دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دورا ئىچمەيدۇ. مەسىلەن: كېسەلنىڭ دورىغا بولغان گۇمانى، ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى؛ دورىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن قورقۇش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن دورا بىلەن داۋالاشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

2. ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ سەۋەبى

بەزى كېسەللەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇزۇن مۇددەت دورا ئىچكەندە، دورا كېسەلنىڭ مېڭە فۇنكسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزىلەر دورىنى يەۋەرسە تېخىمۇ بەك «ساراڭ» قىلىۋېتىدۇ، دەپ قاراپ، دوختۇرنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىمايدۇ. دورىنى قىسقا ۋاقىت ئىشلىتىدۇ ياكى مىقدارىنى كېمەيتىۋېتىدۇ ياكى دورىنى توختىتىۋېتىدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ خاتالىقلارنى قايتا ـ قايتا سادىر قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە دوختۇرلار كېسەل ۋە ئۇلارنىڭ توغقانلىرىغا ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشى كېرەك. يەنى كېسەلنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كېسەللىكنىڭ قايتا قوزغالغاندا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چوقۇم چۈشەندۈرۈش كېرەك. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا كېسەللىكنىڭ قايتا قوزغىلىشى بىلەن كېسەل ساقىيىپ جەمئىيەتكە قايتقاندىن كېيىنكى نورمال خىزمەت قىلىش ئىقتىدارى تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ (كۆپ قوزغالسا خىزمەت ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ).

3. دوختۇرلارنىڭ سەۋەبى

دوختۇرلارنىڭ كېسەل دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن داۋاملىق يەيدىغان دورىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۇقماسلىقى. بەزى دوختۇرلار كېسەل داۋاملىق يەيدىغان دورىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت، قانچىلىك مىقداردا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن دورىنى قىسقا ۋاقىت يېيىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. كېسەللەر كۆپ مىقداردا دورا يېگەنلىكتىن دورىنىڭ ئەكس تەسىرى كۆرۈلۈپ، دورىنى توختىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە كېسەل قايتا قوزغىلىدۇ. تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا 90% كېسەلنىڭ قايتا قوزغىلىشى دورا يېمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دورا يېمىگەنلىكتىن قايتا قوزغالغان كېسەلنىڭ خەتىرى، داۋاملىق دورا يېگەن ئەھۋالدا قايتا قوزغالغان كېسەللەرگە قارىغاندا ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

## هېسسىيات خاراكتېرلىك
## روھىي كېسەل

ھېسسىياتنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى مۇھىم كىلىنىك ئالاھىدىلىك قىلغان روھىي كېسەلنى، ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەل دەپ ئاتايمىز. كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامىتى خامۇشلۇق، تەشۋىشلىنىش بولۇپ، كەيپىياتنىڭ كۆتۈرەڭگۈلىكى ۋە ھاياجانلىنىشمۇ كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

## 1. قوتراش ـ خامۇشلۇق كېسىلى

قوتراش ـ خامۇشلۇق كېسىلى ھېسسىياتنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈنەرلىك كۆچىيىشىنى ياكى ئاجىزلىشىشىنى تىپىك كىلىنىك ئالامەت قىلغان روھىي كېسەللىكتۇر.

كېسەللىك جەريانىدا قوتراش ۋە خامۇشلۇق دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ قوزغىلىدۇ ياكى يالغۇز بىرى قوزغىلىدۇ. ئارىلىق دەۋرىدە كېسەلنىڭ روھىي پائالىيىتى ئاساسەن نورمال بولىدۇ. بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

قوتراش ـ خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ كېسەللىك سەۋەبلىرى:

1. ئىرسىيەت ئامىلى

خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مەزكۇر كېسەلگە مۇناسىۋەتلىك بولغان جەمەت ۋە قوشكېزەكلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا بۇ كېسەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىرسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كېسەلنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەلنىڭ بىر قورساق تۇغقانلىرى ئىچىدە كېسەللىكنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى 3٪. 12 بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدا 4.7٪ بولىدۇ. بالا ـ چاقىلىرىدا 9.4٪ بولىدۇ. ئادەتتىكى نورمال كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا كېسەل بولۇش نىسبىتى 30 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

2. بىئو ـ خىمىيىلىك مېتابولىزمنىڭ نورمالسىزلىقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەزى كېسەللەرنىڭ سۈيدۈكىدىكى NE (去甲肾腺素) نىڭ مېتابولىزم ھاسىلاتى MHPG (3—甲氧基 14—羟基苯二醇) مىقدارى تۆۋەن بولىدۇ. قۇتراش كېسىلىدە NE نىڭ مېتابولىزم ھاسىلاتى MHPG نىڭ مىقدارى يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل كېسەلنى بىئوخىمىيىلىك مېتابولىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماقتا.

3. نېرۋا ـ ئىچكى ئاجرىتىش فۇنكسىيىسىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىنىشى

4. پسىخىكا ئامىلى ۋە بەدەن ئامىلى

## 2. قۇتراش ـ خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى

ئىنسانلارنىڭ ھېسسىيات پائالىيىتى ھەر خىل، ھەر ياڭزا مۇرەككەپ بولۇپ، خۇشاللىنىش، غەزەبلىنىش،

قايغۇرۇش، سىغىنىش، ئازابلىنىش، قورقۇش، چۆچۈش قاتارلىق شەكىللەرنىڭ خالىغان بىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھېسسىيات مۇھىت، مەدەنىيەت، خاراكتېر ۋە ساپا قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

1. خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

كەيپىياتنىڭ تۆۋەنلىشى، تەپەككۇرنىڭ ئاستىلىقى، گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتنىڭ ئازىيىپ ئاستىلىشى بۇ خىل كېسەلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل كېسەلنىڭ قوزغىلىشى ئاستا بولۇپ، دەسلەپتە ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەش ۋە ھەر خىل ئىچكى سېزىم خاراكتېرلىك ئارامسىزلىنىش پەيدا بولىدۇ. روھىي ئامىل ۋە بەدەن ئامىلىدىن پەيدا بولغان خامۇشلۇق كېسىلى ئۆتكۈر خاراكتېردە قوزغىلىدۇ.

كەيپىياتنىڭ تۆۋەنلىكى، قايغۇرۇش ۋە ئازابلىنىش خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالامىتىدۇر. كېسەل كۈن بويى ئۇھ تارتىپ ئازابلىنىدۇ. روھىي كەيپىياتى تۆۋەن بولىدۇ، ھېچنىمىگە قىزىقمايدۇ. خۇشاللىنارلىق خەۋەرلەرمۇ كېسەلنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتەلمەيدۇ. ئۆگىنىش، خىزمەتكە، ئائىلىگە ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقىلىدۇ. ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۈرىدۇ، خىزمەت ئىقتىدارىم يوق، دەپ قارايدۇ، ئۆزىنى كېرەكسىز ئادەمدەك ھېس قىلىدۇ. ئېغىزغا ئالغىچىلىكى يوق كىچىك خاتالىقلارنى چوڭايتىپ، ئۆزىنى چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزدۈم، دەپ ھېس قىلىدۇ ھەم ئۆلۈۋېلىش خىيالىدا بولىدۇ.

كېسەلنىڭ تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقتىن، كېسەل كاللام ئىشلىمەيدۇ، تەپەككۇر قىلالمايمەن دەپ قارايدۇ. كېسەلنىڭ گەپ سۆزلىرى ئازلاپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، خېلى ئۇزۇن ساقلىسىمۇ، سورىغان سۇئالغا جاۋاب ئالغىلى بولمايدۇ، ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ، قول ئىشارەتلىرىمۇ ئازلاپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى ئالامەتلەر كەچتە يېنىكلەپ، كۈندۈزى ئېغىرلىشىدۇ. كەيپىياتنىڭ تۆۋەنلىكى ئەتىگەندە ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكى كېسەللەرنىڭ ئاز بىر قىسمى گەپ قىلمايدۇ، كارىۋاتتا يېتىپ مىدىرلىمايدۇ. ئۆلۈۋېلىش خىيالىدا بولۇش ۋە ئۆلۈۋېلىشكە ئۇرۇنۇش خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە كېسەلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياكى ساقىيىش مەزگىلىدە كۆرۈلىدۇ. كېسەل داۋاملىق ئەتراپلىق پىلانلاپ، ناھايىتى مەخپىي تۇتۇپ، دوختۇر ـ سېستىرالار ۋە ئائىلىسىدىكىلەردىن يوشۇرىدۇ. شۇڭلاشقا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. كېسەلنىڭ چىرايى كۆن بويى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالىدۇ. ئىشتاھاسى ناچار بولىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەيدۇ. شۆلگەي ۋە تەرى ئازلاپ كېتىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ. ئۇيقۇسى ناچار بولۇش بۇ كېسەلنىڭ مۇھىم ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. كېسەل تەستە ئۇخلايدۇ ياكى بۇرۇن ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىن، كېلىۋاتقان ئازابلىق بىر كۈننى ئويلاپ ياتالمايدۇ. ئىچى سىقىلىدۇ.

بەزى خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان

كېسەللەردە بېشى ئاغرىش، بېشى قېيىش، ئىچى سىقىلىش، دىمى سىقىلىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، قەۋزىيەت، بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەش قاتارلىق يۈرەك ۋە ھەزىم قىلىش يولى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى ئۇزۇن ۋاقىت، قايتا - قايتا كۆرۈلۈپ، خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى بېسىپ كېتىدۇ. كېسەلنىڭ ئۆيدىكىلەر كېسەلنى ئىچكى بۆلۈمگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، توغرا دىئاگنوز قويۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ (بۇ خىل ئەھۋالدا دوختۇرلار كۆپىنچە ھالدا نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلى دەپ خاتا دىئاگنوز قويۇپ قالىدۇ).

## 2. قوتراش كېسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھېسسىياتنىڭ كۆچىيىشى، تەپەككۇرنىڭ تېزلىشىشى ۋە ھەرىكەتنىڭ كۆپىيىشى بۇ خىل كېسەلنىڭ تىپىك ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. كېسەلنىڭ قوزغىلىشى بەزىدە تېز بەزىدە ئاستا بولىدۇ. كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن روھسىزلىنىش، ئىچى تىتىلداش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەللەرنىڭ كەيپىياتى ئۇزۇن مۇددەت كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ، كېسەل ئۆزى بىلەن ئۆزى خۇشال بولۇپ غادىيىپ يۈرۈيدۇ، قىزىقىشلىرى كۆپىيىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. كېسەللەرنىڭ بۇنداق كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى، ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كېسەل ئاسانلا ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئەسرا بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن كېسەلنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۇراقسىز بولۇپ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. كىچىككىنە ئىشلارغا ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك قايناپ كېتىدۇ. بەزىدە باشقىلارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

زەخىملەندۈرىدىغان، بىر نەرسىلەرنى ئۇرۇپ چاقىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا كېسەلنىڭ خاپىلىقى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، قارشى تەرەپتىن ئەپۇ سوراپ كېتىدۇ.

كېسەلنىڭ كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈلىكى ئادەتتە گەپ سۆزىنىڭ كۆپىيىشى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى بىلەن بىرگە كۆرۈلىدۇ. كېسەل كۈن بويى ئالدىراش يۈرىدۇ، ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىدۇ، ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ. قىلغان ئىشلىرىنىڭ باش ئاخىرى ۋە ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئۇيقۇسى ناھايىتى ئازلاپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ روھىي كۆتۈرەڭگۈ يۈرىدۇ. ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، جىنسى تەلىپى كۈچىيىپ كېتىدۇ. ياسىنىپ يۈرىدۇ، يات جىنسلارغا يېقىنلىشىشنى خالايدۇ، ئۇجمە كۆڭۈل بولۇپ قالىدۇ. نورمال ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. تەسەۋۋۇرى تېزلىشىپ، تەسەۋۋۇرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مولىلىشىپ كېتىدۇ. كېسەل توختىماي سۆزلەيدۇ، گېپىنىڭ جىقلىقىدىن گاللىرى قۇرۇپ، كېكەچلەپ قالىدۇ. كېسەل كاللام ئىنتايىن ياخشى ئىشلەيدۇ، دەپ قاراپ، خەت، ماقالە يازغاندا نۇرغۇن بىر نېمىلەرنى يېزىۋېتىدۇ. لېكىن كېسەلنىڭ سۆزلىرى ۋە مەزمۇنى ئاددىي بولۇپ، مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تەپەككۇر جەريانى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. نېمىنى كۆرسە شۇنى سۆزلەيدۇ. ئۆزىگە بولغان باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۆزىنى ئىنتايىن بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ھېس قىلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا بىھۇدە خىيال پەيدا بولىدۇ، لېكىن كېسەلنىڭ سۆزلىرى بىمەنە، غەلىتە بولمايدۇ، باشقىلار چۈشىنەلەيدۇ. خىيالىي تۇيغۇ ئاز كۆرۈلىدۇ.

كېسەلنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ئاغزى قۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى كېسەل ئۇزۇن مۇددەت هاياجانلىنىپ، تاماق يېيىشكىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەيدۇ. كېسەلدە ئۇخلىشى تەس بولۇش ياكى بۇرۇن ئويغىنىپ كېتىش، قان بېسىمى يۇقىرىلاش، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىش، كۆز قارچۇقى چوڭىيىش، قەۋزىيەت قاتارلىق ۋېگېتاتىپ نېرۋا پائالىيىتىنىڭ كۈچىيىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

كېسەلنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئىقتىدارى ئوخشىمىغان دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. داۋالىنىش ئارزۇسى بولمايدۇ. قۇتراش كېسەللىكى كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن يېنىك دەرىجىدە قۇتراش ۋە ئېغىر دەرىجىدە قۇتراش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. يېنىك دەرىجىدە قۇترىغان كېسەللەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كېسەلنىڭ سۆزى كۆپىيىدۇ، پاراڭلىشىشقا ئامراق بولۇپ، باشقىلار بىلەن بەكلا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، پۇل خەجلەشكە ئامراق بولىدۇ، جىنسى تەلپى كۈچىيىدۇ، ئۇيقۇسى ئازلاپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئەھۋالى كېسەلنىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىمايدۇ. ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە قۇترىغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەرىكىتى كۆپىيىپ، ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ. ئەس - ھوشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىش، تەسەۋۋۇرى باغلاشماسلىق، خىيالى تۇيغۇ قاتارلىق ئالامەتلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەل

ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەل، ئېغىر ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك روھىي زەربىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدىغان روھىي توسقۇنلۇقتا ئۇچراشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ كلىنىكىلىق ئالامىتى ۋە كېسەللىك جەريانى روھىي زەربە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

## 1. ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى

### كېسەللىك سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەبىئىي بالايى ـ ئاپەتلەرگە ئۇچراش، مەسىلەن: كەلكۈن، يەر تەۋرەش، ئوت ئاپىتى، قار قۇيۇننىڭ ھۇجۇمى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاپەتتىن كېيىن ئۆلەرنىڭ ھايات قالغان ئۇرۇق تۇغقانلىرىدا روھىي جەھەتتىن توسقۇنلۇققا ئۇچراش كۆرىلىدۇ.

2. ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتلەر. چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش، ئايرۇپىلان، پاراخوت، ماشىنا ۋەقەسىگە يولۇقۇش، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ قاتتىق قىيىنىشىغا ئۇچراش، ئۆز كۆزى بىلەن ئۆلۈم مەيدانىنى كۆرۈش، ئېغىر روھىي تەھدىتكە

ئۆچراش، قول - پۇتىنىڭ ئۇزۇلۇپ كېتىشى ھەم ئورۇش دەۋرىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك قېچىش، چارچاش، ئاچارچىلىق ھەم كېسەللىك ئازابى قاتارلىقلار روھىي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. شەخسىي تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش، قارىغۇ بولۇپ قېلىش، چىرايى بۇزۇلۇپ كېتىش، مەجرۇھ بولۇپ قېلىش، كۆپىيىش ئەزالىرى كېسىلىپ كېتىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يوقىلىشى، توي قىلماي ھامىلىدار بولۇپ قالغاندا يىگىتى تاشلىۋېتىش، بۇلاڭچىلىققا ئۇچراش، باسقۇنچىلىققا ئۇچراش قاتارلىقلار.

4. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئۇزلۇكسىز جىددىي بولۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر، مەسىلەن: ئەر - ئايال ياكى قېيىنئانا - كېلىنلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت كېلىشەلمەسلىكى، ئۇزلۇكسىز تۈردە كەسپىدىن نارازى بولۇش، خىزمەتداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەسلىك، ئاجرىشىپ كېتىش، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈمى، مۇساپىرلارنىڭ چەت دۆلەتكە كۆچۈشى قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللىك سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسى بارلىق كىشىلەردە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل ئىنكاسنىڭ دەرىجىسى ۋە داۋام قىلىش ۋاقتىدا پەرق بولىدۇ، ئورگانىزمنىڭ ماسلىشىش ۋە ئورۇن بېسىش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزۈنىغا قالماي ئۆزلىكىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ، پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە يۇقىرىقى سەۋەبلەرگە نىسبەتەن ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا بولۇپ، كېچىسى ئۇخلىيالمايدۇ،

كۆڭ بويى يىغا ـ زارە قىلىدۇ، جىددىيلىشىدۇ، يالغۇزسىرايدۇ، مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تەسەللىي تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەل پەيدا بولىدۇ.

## 2. ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەلنىڭ كلىنىكىلىق ئالامىتى

### 1. ئۆتكۈر ئىنكاس خاركتېرلىك رېئاكسىيە

كۈچلۈك روھىي زەربىگە ئۇچراپ، بىرقانچە مىنوت ياكى بىرقانچە سائەت ئىچىدە مۇنداق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

1) ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن: زېھنى ئۇچوق بولماسلىق، دىققىتىنى يىغالماسلىق، يۆنىلىش بەلگىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى چۈشىنىشى قېيىنلىشىش، دەلدۈشتەك مېڭىپ يۈرۈش، قېچىپ كېتىش ياكى بىر جايدا تاياقتەك قېتىپ قېلىش قاتارلىقلار.

2) سېزىم ۋە تۇيغۇسى گاڭگىرىش.

3) كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلىكى ياكى كەيپىياتىدىكى تەشۋىشلىنىش، خامۇشلۇق، قورقۇش ئالامىتىنىڭ پەيدا بولۇشى.

4) ھەرىكىتىنىڭ ئازىيىشى، ھاڭۋاقتىلىق، قەدەملىرى ئېگىز ـ پەس بولۇش، مۇسكۇللىرى تىترەش، مۇسكۇل تەرەڭلىكى كۈچىيىش، بىر جايىدا ئولتۇرالماسلىق، مەقسەتسىز ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ

يۇرۇش ياكى ھەرىكىتى ئازلاپ كېتىش.

5) ۋېگېتاتىپ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالامەتلىرى: يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىش، كۆپ تەرلەش، يۈزى قىزىرىش قاتارلىقلار.

6) ساختا دېۋەڭلىك ئالامىتى، ئەڭ ئاددىي مەسىلىلەرگە خاتا جاۋاب بېرىش ياكى شۇنىڭغا يېقىن جاۋاب بېرىش. مەسىلەن: قانچە بارمىقىڭ بار دېسە، كېسەل تۆت بارمىقىم بار دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كىچىك بالىلاردەك ھەرىكەت قىلىدۇ. زەربىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىلەردە شۇ زەربىگە قارىتا يېنىك دەرىجىدە روھىي ئىنكاس پەيدا بولىدۇ. ۋاقتى قىسقا بولۇپ، بەزىلىرى بىر قانچە سائەتتە ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ ياكى شۇ كىشى شۇ مەيداندىن ئايرىۋېتىلسە يۇقىرىقى ئالامەتلەر تېزدىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن شۇ ۋەقەلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. كۈچلۈك روھىي زەربىدىن كېيىن ئاز ساندىكى كىشىلەردە يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلگەندىن سىرت يەنە تەسەۋۋۇرىنىڭ باغلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى توختىماي سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك خام خىيال، خىيالىي سېزىم، ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىش، غەلىتە قىياپەت، ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، يېقىنقى خاتىرىسى بەلگىلىك دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. كېسەل تارىخى بىر قانچە سائەتتىن بىر ئايغىچە بولىدۇ. كېسەل ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

2. روھىي زەربىدىن كېيىن ئىنكاسى توسقۇنلۇققا ئۇچراش

كۆچلۈك روھىي زەربە ۋە ئاپەت خاراكتېرلىك روھىي زەربىلەر كىشىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبدۇر. زەربىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ئادەتتىكى بەختسىزلىكلەردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەردە مۇشۇ زەربىگە قارىتا كۈچلۈك ئىچكى ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك بىر قانچە ھەپتىدىن ئالتە ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ كلىنىكىلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) بۇ خىل روھىي ئازاب كېسەلنىڭ خىيالىدا قايتا ـ قايتا ئىختىيارسىز پەيدا بولىدۇ، ئېسىدىن چىقمايدۇ، ھەتتا چۈشىدىمۇ كۆرىدۇ. ئۆسمۈرلەر ئويۇن ئوينىغاندىمۇ شۇ خىل ئىشلارنى قايتا ـ قايتا تەقلىد قىلىدۇ، بەزىدە كېسەللەردە ۋاقىتلىق «قايتا يۈز بېرىش» تۇيغۇسى شەكىللىنىپ، كېسەل خۇددى ئاشۇ ئاپەتكە قايتا يولۇققاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، خاتا تۇيغۇ، خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ، بەزىدە ئوخشاش ئەھۋالغا يولۇقسا ياكى خاتىرە بويۇم، تەزىيە يىغىنى، خاتىرىلەش كۈنى قاتارلىقلارغا يولۇقسا كېسەلنىڭ روھىي كەيپىياتىدا قايتىدىن داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ ياكى كېسەلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە روھىي زەربە ئېلىپ كەلگەن شۇ خىل ئىشلارغا نىسبەتەن پسىخولوگىيىلىك ئۇنتۇش كۆرۈلىدۇ، باشقىلار شۇ ئىشنى ئەسلەتسىمۇ ئىنكار قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

2) ئەتراپتىكى مۇھىتقا نىسبەتەن ئىنكاسى تۆۋەن بولىدۇ، ھېسسىياتى سۇسلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ياخشى

كۆرىدىغان نەرسىلىرىگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇ قېتىملىق ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش ۋە ئادەمدىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ، جىمغۇرلىشىپ كېتىدۇ. جىمغۇرلۇق ياكى خامۇشلۇق گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

3) سەزگۈرلۈكى ئېشىپ، مىجەزى ئېتىكلەپ كېتىدۇ. ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ، ئاسان چۆچۈيدۇ، زىيادە گۇمانخور بولۇپ قالىدۇ، دىققىتىنى يىغالمايدۇ، ئۇيقۇسى ناچارلىشىدۇ.

4) كېسەللىك تارىخى بىر ئايدىن ئۇزۇن بولۇپ، بىر قانچە ئاي ھەتتا نەچچە يىل بولىدۇ، كېسەللىك ئەھۋالى بەزىدە ئېغىر، بەزىدە يېنىك دەرىجىدە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلار پەيدا قىلغان روھىي كېسەل

## 1. ئومۇمىي بايان

**روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلار نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

بەدەن سىرتىدىن كەلگەن ئادەمنىڭ نورمال روھىي پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئادەمنى خۇمار قىلىپ قويىدىغان ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلاردىن ھاراق، ئەپيۇن، نەشە، ئۇيقۇ دورىلىرى، ناركوز دورىلىرى، روھلاندۇرۇش دورىلىرى، خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلغۇچى دورىلار، نىكوتىن قاتارلىقلار بار.

خۇمار بولۇپ قېلىش، روھىي جەھەتتىن خۇمار بولۇپ قېلىش (روھىي جەھەتتىن بېقىنىش) ۋە بەدەننىڭ خۇمار بولۇپ قېلىشى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**روھىي جەھەتتىن خۇمار بولۇپ قېلىش دېگەن نېمە؟**

روھىي جەھەتتىن خۇمار بولۇپ قېلىش كېسەلىنىڭ روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلارغا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بەدەننىڭ خۇمار بولۇپ قېلىشى دېگەن نېمە؟
روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلارنى كۆپ قېتىم ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدا مەلۇم فىزىئولوگىيىلىك ۋە بىئوخىمىيىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئادەم ئورگانىزمىدا روھىي ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلارغا نىسبەتەن ساقلانغىلى بولمايدىغان تەلپۈنۈش پەيدا بولىدۇ، نەتىجىدە ھەرخىل ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: كەيپىياتنىڭ تۇراقسىزلىق، ۋېگېتاتىپ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار.

## 2. ھاراقفا خۇمار بولۇپ قېلىش ۋە ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن بولغان روھىي كېسەل

ھاراقفا خۇمار بولۇپ قېلىش دېگەن نېمە؟
ھاراقفا خۇمار بولۇپ قېلىش، ھاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان ھاراقفا نىسبەتەن كۈچلۈك تەلپۈنىدىغان روھىي ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كىشلەر داۋاملىق ياكى دەۋرىيلىك ھالدا ھاراقنىڭ كەيپىگە نىسبەتەن سىغىنىش تۇيغۇسىدا ياكى ھاراق ئىچمەي قالغان چاغدىكى بىئارامسىزلىقنى ھاراق بىلەن يوقىتىش تۇيغۇسىدا بولىدۇ.

### 1. ھاراقفا خۇمار بولۇپ قالغان كېسەللەرنىڭ كلىنىكىلىق ئالامىتى

1. ھاراقفا خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارنىڭ ھاراقفا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسىراتى

ھاراقتا خۇمار بولۇپ قالغان كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تەسىراتى شۇكى، تۇنجى قېتىم ھاراق ئىچكەندە خۇش كەيىپ بولىدۇ، ھاراقتىن كېيىن باشقىلار بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، جىددىيلىك كەيپىياتى ياخشىلىنىدۇ. بۇ خىل ھاراق بىلەن ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىدىغان ياكى ھاراق بىلەن ھاردۇق چىقىرىدىغان كىشىلەردە تەدرىجىي ھالدا ھەر كۈنى ھاراق ئىچىدىغان بىر خىل ئادەت شەكىللىنىدۇ.

2. ھاراقتا بولغان روھىي بېقىنىش

بۇ، ھاراقتا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ، دەسلەپتە كېسەلنىڭ ھاراقتا بولغان تەلپۈنۈشى ئادەتتىكىچە بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ھاراقتا نىسبەتەن بەدەننىڭ روشەن بېقىنىش ئەھۋالى كۆرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا كېسەلنىڭ روھىي جەھەتتىكى ھاراقتا بېقىنىشى يېنىك دەرىجىدە بولىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ بەدەننىڭ ئېغىر دەرىجىدە ھاراقتا بېقىنىشى پەيدا بولغاندا، بۇ خىل ئالامەتنى بىسىش ئۈچۈن داۋاملىق ھاراق ئىچىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، ئۆزىنى تۇتىۋالالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاراق تاشلاي دەيدىغان ئىرادىسى يوقايدۇ ياكى ئىرادىسى بولمايدۇ.

3. بەدەننىڭ بېقىنىشى

ھاراقنى داۋاملىق ئىچكەندىن كېيىن كېسەلنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدا فىزىئولوگىيىلىك ۋە بىئوخىمىيىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، بەدەننىڭ ھاراقتا بولغان تەلپىنى كۈچىيىدۇ. كېسەل ئۆزىنى كونترول قىلاي دەپمۇ كونترول

قىلالمايدۇ.

4. ھاراق تاشلاش يىغىندى ئالامىتى

ھاراق تاشلاش يىغىندى ئالامىتى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھاۋاق تاشلاش ئالامىتى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى ھاراق تاشلاش ئالامىتى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىپادىلىرى، ئىچى تىتىلداش، خۇشال بولالماسلىق، ئەركىن بولالماسلىق، خامۇشلۇق، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، سوغۇق تەرلەش، يۈرىكى سىقىلىش، قان بېسىمى ئۆرلەش، ئۇخلىيالماسلىق، مەسىلەن: قارا بېسىش، تەستە ئۇخلاش، ئاسان ئويغىنىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تىترەش ھاراققا خۇمار بولغان كېسەللەردە ھاراق تاشلىغاندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان تىپىك ئالامەت بولۇپ، بۇخىل ئالامەت ھاراق ئىچىشنى توختىتىپ 8 ~ 7 سائەتتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاستا خاراكتېرلىك ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەن كېسەللەر ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندا داۋاملىق قول بارماقلىرى ۋە قاپىقىنىڭ تىترىگىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا يىمەكلىكلەرنى چاينىيالمايدىغان، ئۆرە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇخىل تىترەش ھەرىكەت قىلغاندا، روھىي جەھەتتىن جىددىيلەشكەندە ئېغىرلىشىدۇ، بۇخىل ئەھۋال مەلۇم مىقداردا ھاراق ئىستېمال قىلىپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يوقىلىدۇ. يەنە بەزى ھاراق خۇمارى بىرقەدەر ئېغىر كېسەللەردە تىترەش خاراكتېرلىك ئىسىنى يوقىتىش كۆرۈلىدۇ، بۇخىل ئەھۋال ھاراق ئىچىشنى توختىتىپ، 96 ~ 72 سائەت ئىچىدە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ھاراققا خۇمار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان كىشىلەر بىر ھەپتە ئەتراپىدا ھاراق ئىچمىسە يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئۆزلۈگىدىن يوقىلىدۇ، بەدەن قۇۋۋىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاز ساندىكى كىشىلەردە بۇخىل ئالامەت ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

5. چىدامچانلىق

ھاراققا خۇمار بولغان كىشىلەر مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەسلىدىكى مىقداردا ھاراق ئىچسە مەست بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھاراقنىڭ مىقدارىنى بارا - بارا ئاشۇرىدۇ. بۇخىل چىدامچانلىق ياشنىڭ چوڭىيىشى ۋە زەھەرلىنىشنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئاجىزلىغانلىقتىن ئاز مىقداردا ھاراق ئىچسىمۇ تېز مەست بولۇپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كېسەللەر مەستلىكنىڭ پەيزىنى سۈرۈلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، «ھەقىقىي مەست» بولۇش ئۈيىدا ئۈزلۈكسىز ھاراق ئىچىدىغان بىر خىل ناچار پسىخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھاراققا خۇمار بولغۇچىلاردا ئىنتايىن كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەت ھېسابلىنىدۇ.

6. ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغانلار ۋاقىت، ئورۇن تاللىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۆپ قېتىم ھاراق تاشلايمەن دېسىمۇ، ھاراقنى تاشلىيالمايدۇ، خۇمارى ئېغىرلاشقاندا تاماق يېمەيدۇ، ئۇسسۇلۇق ئىچمەيدۇ، يۇيۇنمايدۇ، ھەتتا چوڭ - كىچىك تەرەتكىمۇ چىقماي ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇخىل ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ بەدىنى سۇسىزلانغاندا، سۇ ئىچسىمۇ قۇسۇدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ھاراق ئىچىپ، ھاراققا خۇمار بولغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك تەرتىپى ھاراق ئىچىش ← مەس بولۇش ← ئۇخلاش ← ئويغىنىش ← ھاراق ئىچىش ← مەس بولۇش

→ ئوخلاشتىن ئىبارەت. بۇ هاراقتا خۇمار بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى هېسابلىنىدۇ.

7. هاراققا خۇمار بولغۇچىلار ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، هەرخىل يۇرەك كېسەللىكى، جىگەر ياللۇغى، جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر قېتىش ۋە هەرخىل هەزىم قىلىش يولى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولىدۇ.

**2. ئىسپىرتتىن زەهەرلىنىشتىن بولغان روهىي كېسەل**

ئىسپىرتتىن زەهەرلىنىشنى يەنە هاراقتىن زەهەرلىنىش دەپمۇ ئاتايمىز. ئىسپىرتتىن زەهەرلىنىش ئۆتكۈر خاراكتېرلىك زەهەرلىنىش ۋە ئاستا خاراكتېرلىك زەهەرلىنىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك زەهەرلىنىش. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك زەهەرلىنىش ئادەتتىكىچە مەست بولۇش ۋە غەيرىي مەست بولۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. غەيرىي مەست بولۇش يەنە مۇرەككەپ مەست بولۇش ۋە پاتولوگىيىلىك مەست بولۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئادەتتىكىچە مەست بولۇش

بىر قېتىمدا هاراقنى كۆپ مىقداردا ئىچكەندىن كېيىن كۆپلىگەن كىشىلەردە ئىسپىرتقا نىسبەتەن پەيدا بولىدىغان نورمال ئىنكاسنى كۆرسىتىدۇ، يەنى مەست بولۇش هالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكىچە مەست بولۇش جەريانى، هاياجانلىنىش دەۋرى ۋە پالەچلىنىش دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) هاياجانلىنىش دەۋرى

هاياجانلىنىش هاراق ئىچىش بىلەن تەڭ باشلىنىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ تورمۇزلاش، كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاشقانلىقتىن ھاياجانلىنىش كەيپىياتى تەدرىجىي كۆچىيىدۇ، ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر شادلىققا چۆمىدۇ، گېپى جىقىيىدۇ، تونۇش كىشىلىرى بىلەن تېخىمۇ ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىدۇ، تونۇمايدىغان كىشىلەردىن تەپ تارتمايدۇ. روھىي ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەك رىتمى تېزلىشىدۇ، يۈزى قىزىرىپ، نەپەسى تېزلىشىدۇ، ئەس ـ ھوشى جايىدا بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ خىل ئەھۋاللار كېلىپ چىققاندىن كېيىن ھاراق ئىچىشنى توختاتسا، نورمال ئىجتىمائىي ئالاقىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ خىل ھاياجانلىنىشنى يەڭگىل مەست بولۇش ھالىتى، ئادەتتىكىچە مەست بولۇشقا ياتمايدۇ دەپ قارايدۇ. تىپىك بولغان ئادەتتىكىچە مەست بولۇش پالەچلىنىش دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. پالەچلىنىش دەۋرى باشلانغاندىن تارتىپ كىيسەلنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى تېخىمۇ ئەركىنلىشىپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىدۇ، گەپ سۆزى كۆپىيىدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئىشلىرىنىڭ ئارقا ـ ئالدىنى ئويلاشمايدۇ. ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، كەيپىياتى تۇراقسىز بولىدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيدۇ، مەغرۇرلىشىپ كېتىدۇ. ئەتراپىكىلەر بىلەن كارى بولماي ۋارقىراپ ـ جاقىرايدۇ، بىر جايدا ئولتۇرالمايدۇ، بەزىدە ھەتتا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ قالىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل ھالەتكە يەتكەندە خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك ھېس قىلمايدۇ، بەلكى كەيپىياتى جىددىيلىشىش بىلەن خامۇشلۇق ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئادەتتە

كونترول قىلىنىۋالغان كەيپىياتىنى ۋە نارازى بولغان ئىشلىرىنى ئاشكارىلايدۇ، ئاچچىقلىنىش بىلەن تەڭ ئازابلىنىش، دۇنيادىن زېرىكىش، ئىچى پۇشۇش قاتارلىق روھىي ھالەت بىرگە شەكىللىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېسەلنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ئۆزى توغۇرلۇق بولىدۇ، لېكىن بىھۇدە خىيال بولمايدۇ، شۇنداقلا خاتا تۇيغۇ ياكى خىيالىي تۇيغۇمۇ بولمايدۇ.

(2) پالەچلىنىش دەۋرىدىكى ھەرىكەتتىنى باشقۇرالماسلىق

كېسەلنىڭ ھەرىكىتى تەۋرىنىپ گەپ سۆزلىرىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان، كۆز ئالمىسى تىترەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەندىن كېيىن ھاياجانلىنىش ئالامىتى يوقىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېسەلنىڭ روھىي كەيپىياتى مۇلايىملىشىپ، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن كارى بولمايدۇ، ھەرىكىتى ئازلاپ كېتىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇيقۇغا كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئەتراپنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى نورمال بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۆپ ھاللاردا نورمال بولىدۇ. بەزى كېسەللەر شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى يۇزەكى ئەسلىيەلەيدۇ. ئاز بىر قىسىم كېسەللەر پەقەت ئەسلىيەلمەيدۇ ياكى ئۇنۇتقاق بولۇپ قالىدۇ.

2) غەيرىي مەست بولۇش

(1) مۇرەككەپ مەست بولۇش

بۇ، ئىنتايىن كۆپ مىقداردا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئىنتايىن تېز پەيدا بولىدىغان تۇيۇقسىز ھەم ناھايىتى ئېغىر بولغان ئېسىنى يوقىتىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكى شۇكى ناھايىتى تېز ھەم تۇيۇقسىز ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياجانلىنىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ. كېسەلنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىشى ۋە تەبىئىتىنى ساقلىشى تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ھەرىكەتنىڭ قوزغىلىشى بولىدۇ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ ۋە يېنىكلىك قىلىپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئۈچ ئىلىش خاراكتېرلىك ئۇرۇشۇش ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى مەسىلىكتە ئېسىنى يوقىتىشتىن كۈچلۈك ھاياجانلىنىش كېلىپ چىقىپ، بەزىدە بىھۇدە خىيال پەيدا بولىدۇ، بۇخىل بىھۇدە خىيالنىڭ تەسىرى ئاستىدا باشقىلارنى زەخىملەندۈرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇ خىلدىكى كېسەللەر ئېسى ئېغىر غۇۋالىشىش دەۋرىگە كەلگەندە يەنى، ئاغزىغا گەپ كەلمەي دەلدەڭشىپ مېڭىپ يۈرگەندە، سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قايتىدىن ھاياجانلىنىش ھالىتى كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزىدە بۇ خىل كېسەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، توختىماي يىغلايدىغان ياكى ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، كېسەل ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. بۇ خىلدىكى كېسەللەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق مەست بولغان بەزى كېسەللەر ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ ئويغىنىپ كېتىپ، قايتىدىن ھاياجانلىنىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

(2) پاتولوگىيىلىك مەستلىك

كېسەل ئاز مىقداردا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ناھايىتى

تېزلا مەست بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېغىر دەرىجىدە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىش كېلىپ چىقىدۇ.

ئادەتتىكى مەستلىك ۋە مۇرەككەپ خاراكتېرلىك مەستلىكنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە كېسەلنىڭ ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىدۇ، لېكىن پاتولوگىيىلىك مەستلىكتە ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى پەرق ئېتىشى ياكى يۆنىلىش بەلگىلەش ئىقتىدارى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ھەرىكىتى قارىغۇلارچە بولۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ خىل كىشىلەرگە ھەر قانداق گەپ قىلىسمۇ چۈشەنمەيدۇ.

پاتولوگىيەلىك مەستلىك ناھايىتى تېز پەيدا بولىدۇ، لېكىن داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، ئون نەچچە مىنۇتتىن بىر قانچە سائەتكىچە داۋام قىلىدۇ. ئاخىرىدا ناركوز قىلىپ قويغاندەك ئۇخلاپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئەسلىيەلمەيدۇ. مېڭە ياللۇغى بولغان، مېڭىسى زەخىملەنگەن ئىلگىرى روھىي كېسەل بولغانلار، تۇتقاقلىق كېسىلى بارلار ھاراق ئىچسە ئاسانلا پاتوگىيىلىك مەستلىك كۆرۈلىدۇ.

2 . ئاستا خاراكتېرلىك ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان روھىي كېسەل

1 ) ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان خىيالىي تۇيغۇ

كۆپلىگەن كېسەللەر ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغاندىن

كېيىن، ئادەت خاراكتېرلىك ھاراق ئىچىش ياكى كۆپ مىقداردا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن (ئادەتتە ھاراق ئىچىشتىن توختاپ 24 سائەت ئىچىدە) پەيدا بولىدىغان، خىيالىي تۇيغۇ ئاساسلىق ئالامىتى بولغان روھىي كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ. ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان خىيالىي تۇيغۇ، ئەس ـ ھوشى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ھالەتتىكى خاتا تۇيغۇ، خىيالىي تۇيغۇ ۋە بىھۇدە خىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك بۇ خىل ئەھۋال ئەس ـ ھوشى جايىدا ۋاقىتتا ياكى مەستلىكنى يېشىلگەندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان خىيالىي تۇيغۇدىن ئىبارەت. ئاڭلاش خىيالىي تۇيغۇسى بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ، بىر قانچە كۈندىن، بىر قانچە ھەپتە ياكى بىر قانچە ئايغىچە داۋاملىشىپ ئاندىن يوقىلىدۇ. بۇ خىلدىكى كېسەللەرگە بىر نەرسىلەرنىڭ تاراڭشىۋاتقان ئاۋازى ياكى باشقىلارنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوق ئاۋازى ياكى تاپانچا تەپكىسىنىڭ تاق ـ تاق قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئۇزۇنغا بارماي پاراڭ خاراكتېرلىك ئاڭلاش خىيالىي تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ، بۇ خىل ئاۋاز ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئاۋازى شەكلىدە بولىدۇ، مەزمۇنى دۈشمەنلىككە تولغان ياكى ئادەمنى خۇشال قىلمايدىغان سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن: تىللىغان، قارا چاپلىغان، خورلىغان ياكى تەھدىت سالغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، كېسەلدە شۇنىڭغا ماس ھالدا كۈچلۈك ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: چىراي ئىپادىسى قورقۇنچلۇق بولىدۇ، تەشۋىشلىنىدۇ، خىيالنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىشكنى چىڭ تاقىۋالىدۇ ياكى مۆكۈۋالىدۇ ياكى ساقچىغا تېلېفون بېرىدۇ، ئېغىرلىرى ئۆزىنى

ئۆلتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، خىيالىي تۈيغۇ كەچتە ئېغىرلىشىدۇ، كېسەل بۇ خىل خىيالىي تۈيغۇ ۋە بىھۇدە خىيالىنىڭ تەسىرى ئاستىدا باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدۇ.

2) سپازمىلىنىش

ئېغىر دەرىجىدە ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەن كېسەللەر تۇيۇقسىز ھاراق ئىچىشتىن توختىتىلسا ياكى كۆپ مىقداردا ھاراق ئىچسە سپازمىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ، كۆز قارىچۇقى ئارقىغا كېتىدۇ. ئاغزىدىن كۆپۈك يانىدىغان، يىقىلىپ چۈشىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ خىل ئالامەتنى ئىسپىرت خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق دەپمۇ ئاتايمىز. يۇقىرىقى سپازمىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىدا كېسەلنىڭ پۇتۇن بەدىنى تىترەيدۇ، تەرلەيدۇ، ئەس ـ ھوشى غۇۋالىشىپ ھاراق تاشلىغاندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

3) تىترەش، ئېسىنى يوقىتىش

بىر خىل ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىش ئاساسىدا تۇيۇقسىز قوزغىلىدىغان روھىي كېسەلنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كۆپ مىقداردا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ ياكى ھاراقنى تۇيۇقسىز توختىتىپ بىر قانچە كۈن ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. زەخىملىنىش، يۇقۇملىنىش، روھىي كېسەللىك بۇ خىل ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىنى تېزلىتىدۇ. قوزغىلىشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن كەيپىياتى ناچار بولۇش، قورقۇش، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ چۈش كۆرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر ئالدىن كۆرۈلىدۇ. قوزغالغاندا تۇيۇقسىز ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدۇ. شۇ ۋاقىت ۋە شۇ ئورۇنغا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇش ۋە يۆنىلىش پەرق ئېتىش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئادەتتە كۆپ مىقداردا 15 ~ 10 يىل هاراق ئىچكەن، 40 ~ 30 ياشتىكى هاراققا خۇمار بولۇپ قالغان كىسەللەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىكى كىسەللەر ئېسىنى يوقاتقان چاغدا ئېنىق ۋە روشەن بولغان خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ھەرىكەتتى خىيالىي تۇيغۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. كىسەلدە هاياجانلىنىش، ئۆزىنى باشقۇرالماسلىق، ۋەھىمىدە قېلىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ، بۇ ئالامەتلەر كەچتە ئېغىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت تەرلەش، قىزىش، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىش، قان بېسىمى ئۆرلەش، كۆز قارىچۇقى چوڭىيىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. لابوراتورىيىلىك تەكشۈرگەندە ئاق قان دانىچىلىرى ئۆرلەيدۇ. قاننىڭ چۆكىشى تېزلىشىدۇ، جىگەر ئىقتىدارىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. يەنە بەدەن سۇسىزلىنىپ بەدەندىكى ئېلېكترولىتلار قالايمىقانلىشىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال 5 ~ 3 كۈنگىچە داۋاملىشىپ، داۋالاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەسلىگە كېلىشتىن بۇرۇن كىسەل ئۇدا قاتتىق ئۇخلايدۇ، قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ئالامەتلەر پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، كىسەل شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلىيەلمەيدۇ.

4) ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان كۈندەشلىك قىلىش خام خىيالى

ئۇزۇن ۋاقىت هاراق ئىچكەن كىسەللەردە جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆز جۈپتىنى (ئايالى ياكى ئېرىنى) ئۆزگە سادىق ئەمەس دەيدىغان بىھۇدە خىيال پەيدا بولىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتقىچە هاراق ئىچمىسە بۇ

خىل ئالامەت تەدرىجىي يوقايدۇ. ئەگەر داۋاملىق هاراق ئىچسە ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىققان دىۋەڭلىك كېسىلىگە تەرەققىي قىلىدۇ. بىھۇدە خىيالنىڭ مەزمۇنى قالايمىقان، تېتىقسىز بولۇپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئۆزىنىڭ ئايالىنى ياش بالىلار بىلەن ياكى ئۆسمۈرلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ.

5) كورساكوۋ روھىي كېسىلى

بۇ خىل كېسەلنى 1887 ـ يىلى روسىيىلىك كورساكوۋ بايقىغان، شۇڭا شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

كېسەلنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىشى مەزكۇر كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق كلىنىكىلىق ئىپادىسىدۇر. كېسەلنىڭ يېقىنقى ئىشلارنى ئەسلەش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. كېسەل گەرچە ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئېسىدە تۇتالىسىمۇ لېكىن بىر قانچە مىنۇت، بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىيەلمەيدۇ، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇرۇنقى ئىشلارنى قىسمەن ئەسلىيەلىسىمۇ لېكىن خاتا ئەسلەش ياكى يالغان ئەسلەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. لېكىن باشقا روھىي پائالىيەتلىرى نورمال بولىدۇ.

6) ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك دىۋەڭلىك

ئۇزۇن مۇددەت هاراق ئىچكەن كېسەللەرنىڭ مېڭە فونكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ دىۋەڭلىك پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىسپىرتتىن ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان تەكرار تىترەش، ئېسىنى يوقىتىش، سپازمىلىنىش كۆرۈلىدىغان ھەم ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ياكى ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولىدىغان دىۋەڭلىك

هالىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېسەلنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ، ئاخىرىدا دۆۋەڭلىك پەيدا بولىدۇ.

7) تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

هاراققا خۇمار بولۇپ قالغان كېسەللەر هاراق ئىچىشنى بارلىق ئىشلاردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇخىل ئەھۋال كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، كېسەل ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىدۇ، ھەرىكەت ئۆلچىمى تۆۋەنلەيدۇ، هاراققا ئېرىشىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدۇ، باشقىلارنى ئالدايدۇ، ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوقىلىدۇ.

# نېۋروز

## 1. ئومۇمىي بايان

**نېۋروز (نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلى) دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالامەتلىرى قانداق بولىدۇ؟**

بۇ يېنىك دەرىجىدىكى روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچراش ياكى پسىخولوگىيىلىك توسقۇنلۇققا ئۇچراشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ياكى، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان پسىخىك توقۇنۇش ياكى ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى كېسەللەر ئۆزىدە پسىخىك توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، چوڭقۇر ئازابلىنىدۇ. دوختۇرلار ئىنچىكە تەكشۈرۈپمۇ كېسەلنىڭ بەدىنىدىن ھېچقانداق كېسەللىك ئاساسىنى تاپالمايدۇ (ھەر خىل ئىلغار ئۈسكۈنىلەردە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھېچقانداق بىر كېسەللىك ئاساسىنى تاپالمايدۇ). كېسەل ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان زىددىيەتلىك پسىخىك ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى كېسەلنىڭ روھىي پائالىيەت ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، كونترول قىلىش زۆرۈر بولغان پسىخىك پائالىيەتلەرنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ياكى كونترول قىلالمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشۋىشلىنىش ياكى ئەندىشە قىلىش، مەجبۇرلاش پسىخىكىسى (ئۆز ـ ئۆزىنى مەجبۇرلاش پسىخىكىسى)، قورقۇش ياكى ۋەھىمە پەيدا بولۇش، جىددىيلىشىش، غالجىرلىشىش ياكى ئەسەبىيلىشىش قاتارلىقلار. كېسەللەر بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلگەندە بۇ خىل كەيپىيات ياكى كۆز قاراشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىسىمۇ قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. كېسەل ئۆزىدە پەيدا بولغان بۇ خىل پسىخىك توقۇنۇشنى داۋالىتىش ئارزۇسىدا بولىدۇ. كېسەل ئۆزىدىكى بۇ خىل كېسەللىك ھالىتىنى كونكرېت ئەمەلىيەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالمايدۇ. شۇڭلاشقا مۇھىتقا بولغان تونۇشى ياكى ئەتراپتىكى مەسىلىلەرگە بولغان پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئومۇمەن نورمال بولىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل كېسەللەرنىڭ كېسەل تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ، قايتا ـ قايتا قوزغىلىدۇ. شۇڭا كېسەللەر قاتتىق ئازاب ھېس قىلىدۇ. ئەگەر كېسەل روھىي جەھەتتىن ئازاب ھېس قىلمىسا بىز ئۇلارنى نېۋروز دەپ قارىمايمىز. روھىي ئازابنىڭ مەنبەسى پسىخىك توقۇنۇشتىن ئىبارەت.

## نېۋروزنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى نېمە؟

1. پسىخولوگىيىلىك ئامىللار ياكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئاملى كېسەلنىڭ قوزغىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كېسەلنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى كېسەل پەيدا بولۇشنىڭ ئاساسىدۇر.

2. تېببىي ساھەدە ئىشلىتىۋاتقان CT, MRI قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن كېسەللىك سەۋەبىنى تاپقىلى

بولمايدۇ.

3. كېسەلنىڭ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى تونۇش ئىقتىدارى بولىدۇ. كېسەل ئاكتىپلىق بىلەن داۋالىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. كېسەلنىڭ تەبىئىتى نورمال، ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولىدۇ.

5. ئاساسلىق ئىپادىسى نېرۋا ئاجىزلىق، تەشۋىشلىنىش، قورقۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى مەجبۇرلاش، خامۇشلۇق، كېسەلدىن گۇمان قىلىش ۋە ھىستېرىيىدىن ئىبارەت.

نېۋروزنىڭ تۈرلىرى:

1) ھىستېرىيە
2) خامۇشلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروز
3) قورقۇش خاراكتېرىدىكى نېۋروز
4) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى نېۋروز
5) تەشۋىشلىنىش خاراكتېرىدىكى نېۋروز
6) كېسەلدىن گۇمان قىلىش خاراكتېرىدىكى نېۋروز
7) نېرۋا ئاجىزلىق
8) باشقىلار

## 2. ھىستېرىيە

كېسەلنىڭ ھەر خىل پسىخولوگىيىلىك ئامىللار ياكى سىرتقى تەسىرلەرنى ئۆزى بىلەن باغلىۋېلىش ياكى ئۆز بەدىنىدىكى قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆچەيتىپ،

مۇبالىغىلەشتۇرۇۋېتىش قىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكنى ھىستېرىيە دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن: بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىن كېيىن چارچاپ، پۇتلىرى تىلىپ، يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، مەن پالەچ بولۇپ قالدىم دەپ، ئورنىدىن قوپالماسلىقى. كېسەلنىڭ ئۇۋاللىق ھېس قىلىشى ياكى قورقۇپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان ھىستېرىيەنىڭ قوزغىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. كېسەلنىڭ دوختۇرنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ئۇخلىشىمۇ ھىستېرىيىگە كىرىدۇ. ھىستېرىيە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز قوزغىلىدىغان روھىي كېسەللىك بولۇپ، ئەزالار فۇنكسىيىسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى قوزغىتىدۇ، بۇ سېزىم، ھەرىكەت ۋە ۋېگېتاتىپ نېرۋىلارنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەزالار فۇنكسىيىسىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئورگانىزمدا پاتولوگىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدۇ. پەقەت ئىما ـ ئىشارەتلىك داۋالاش ئارقىلىق كېسەللىك ئالامىتىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇ كېسەل 35 ~ 16 ياشلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. 40 ياشتىن ئاشقان ئاز ساندىكى كىشىلەردىمۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

## كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

### 1. پسىخولوگىيىلىك ئامىل

كېسەلنى باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشى ياكى كېسەلنىڭ قاتتىق ئاچچىقلىنىشى، قورقۇپ كېتىشى، خىجىلچىلىققا قېلىشى، باشقىلارنىڭ كۆزگە ئىلماسلىق ياكى ئازابلىشى قاتارلىق روھىي زەربىلەر ھىستېرىيە كېسىلىنى

قوزغىتىدىغان بىۋاستىتە سەۋەب ياكى كېسەلنىڭ تۈنجى قېتىم قوزغىلىش سەۋەبىدۇر. كېسەللەر روھىي زەربىگە نىسبەتەن ئارتۇقچە ئازابلىنىدۇ. بەزى كېسەللەر يۇقىرىقىدەك روھىي زەربىلەر بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە يۈك قىلىۋالغانلىقتىن كېسەل قوزغىلىدۇ.

2. ئىرسىيەت ئامىلى

هازىر ئىرسىيەت ئامىلىنىمۇ ھىستېرىيىنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارالماقتا.

3. خاراكتېر ئالاھىدىلىكى

سىرتقى تەسىر ۋە ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئارتۇقچە يۈك قىلىۋالىدىغان ياكى كۈچەيتىپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ھېس قىلىدىغان كىشىلەردە ھىستېرىيە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

(1) بۇ خىل كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن تۇراقسىز ئۆزگىرىشچان بولۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. ھەل قىلغان مەسىلىلەرنىڭ نەتىجىسى، كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىدۇ.

(2) كېسەلدە بەزى ئىشلارنى ئۆزىگە باغلىۋېلىش خاراكتېرى بولىدۇ. كېسەل تاشقى دۇنيادىكى مەلۇم بىر تەسىر ياكى گەپ سۆزلەرنى ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ.

(3) شەخسىيەتچىلىك

بۇ خىل كىشىلەر باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشنى ئويلايدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. كېسەللىنىك قوزغالغاندا ياسالمىلىق قىلىپ، كېسەللىنىك ئەھۋالىنى

مۇبالىغىلەشتۇرۇپ، باشقىلارنى ھېسداشلىق قىلىسۇن ۋە كۆڭۈل بۆلسۇن دەيدىغان ئىدىيىدە بولىدۇ.
(4) خىيالىي تۇيغۇ. كېسەلنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىنىڭ مەزمۇنى مول بولىدۇ. ھېسسىياتنىڭ تەسىرى ئاستىدا، خىيالىي كۆپ ھەم ئۆزگىرىشچان بولىدۇ.
4. ئورگانىزم مەنبەلىك ئامىللار
نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشى، ھىستېرىيىنى قوزغايدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ھىستېرىيىنىڭ قوزغىلىشىدىكى شەرت بولۇپ قالىدۇ.

## ھىستېرىيىنىڭ كلىنىكىلىق ئىپادىلىرى

كېسەللىك ئالامەتلىرى ھەر خىل ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، ئۆزگىرىش كۆپ بولىدۇ. ھەرخىل روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ئارىسىدا باغلىنىش بولمايدۇ.
1. ئورگانىزمنىڭ توسقۇنلۇقتا ئۇچرىشى
1) سەزگۈگە ئائىت ئالامەتلەر
(1) كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ توسقۇنلۇقتا ئۇچرىشى
كېسەل تۇيۇقسىز قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ ياكى كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، بۇنى ھىستىرىيىلىك ئەما بولۇپ قېلىش دەپ ئاتايمىز. بۇ خىلدىكى ئەمالارنىڭ نۇرغا بولغان ئىنكاسى ياخشى بولىدۇ. كۆز تېگىنى تەكشۈرگەندە نورمال بولۇپ، كۆز كېسەللىكلىرىگە ئائىت ھېچقانداق بىر دەلىل ئىسپات تاپقىلى بولمايدۇ.
(2) ھىستېرىيە مەنبەلىك گاسلىق
كۈچلۈك روھىي زەربىنىڭ تەسىرى ئاستىدا كېسەل تۇيۇقسىز ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. لېكىن قۇلاق

كېسەللىكلىرىگە ئائىت بىرەر سەۋەب تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق كېسەللەرنى كەينىدىن چاقىرسا، كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ، ئۇخلاۋاتقاندا چاقىرسا ئويغۇنىدۇ. ئىما - ئىشارەتلىك داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

(3) قولىشىش سېزىمى

كېسەلنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى كۆپ كۆرۈلىدۇ. كۆپ چاغلاردا بېشىدىن پۇتىغىچە بەدىنىنىڭ يېرىمى قولىشىپ قالىدۇ، قولاشقان ئورۇن بىلەن نورمال ئورۇننىڭ چېگرىسى ئېنىق بولۇپ، بەدەننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. بۇ نېرۋىلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىگە ئويغۇن ئەمەس. ئوخشىمىغان ئەھۋالدىكى تەكشۈرۈشتە قولاشقان ئورۇننىڭ چېگراسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئايرىم بىر قىسىم كېسەللەردە زىيادە سېزىمچانلىق كۆرۈلىدۇ، ھەتتا بەدىنى قاتتىق ئاغرىيدۇ. نېرۋا ئاناتومىيىسىگە ماس كەلمەيدۇ.

(4) ھىستېرىيە شارچىسى

كېسەلدە بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سېزىم بولىدۇ. يۆتەلسىمۇ چىقىپ كەتمەيدۇ ياكى يوقالمايدۇ. يۇتسىمۇ يۆتالمايدۇ. كېسەل داۋاملىق بىر نەرسە يۇتۇۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلىدۇ، تەكشۈرگەندە ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى بايقالمايدۇ.

2) ھەرىكەت ئالامەتلىرى

(1) ھىستېرىيىلىك سپازمىلىنىشنىڭ قوزغىلىشى (تارتىشىشنىڭ قوزغىلىشى)

بۇ ئالامەتنى ئادەتتە كۆچلۈك پسىخولوگىيىلىك ئامىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قوزغالغاندا كېسەل تۇيۇقسىز يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، پۈتۈن بەدىنى قېتىپ، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ قالىدۇ، بەزىدە قول ـ پۇتلىرى تەرتىپسىز تىترەيدۇ، نەپەسى تېزلىشىدۇ. بىرسى چاقىرسا ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. بەزىدە ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى يۇلىدۇ، ياقىسىنى يىرتىدۇ ياكى تارتىدۇ. چىراي ئىپادىسى بەكمۇ بىچارە، ئازابلىق بولىدۇ. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقىدۇ، قوزغالغاندىن كېيىن 20 ~ 10 مىنۇت ياكى 1~2 سائەت داۋام قىلىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى بىلەن كېسەللىك ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. قوزغىلىش توختىغاندىن كېيىن ھوشسىز ھالەتكە كېلىدۇ. ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالىدۇ، كۆزىنى مەجبۇرى ئېچىپ كۆرگەندە كۆز قارىچۇقى يۇقىرىغا قاراپ قالىدۇ ياكى ئىككى تەرەپكە مىدىرلاپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئالامەت بەزىدە بىر كۈندە بىر قانچە قېتىم قوزغىلىدۇ. قوزغالغان ۋاقىتتا تۇتقاقلىقتا ئوخشاش تىلىنى چىشلىۋالىدىغان، قاتتىق يىقىلىپ چۈشىدىغان، چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تۇتالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ.

(2) ھىستېرىيىلىك پالەچلىنىش

پالەچلىنىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. يېنىكلىرى ھەرىكەت قىلالايدۇ، لېكىن جانسىز بولىدۇ. ئېغىرلىرى پۈتۈنلەي ھەرىكەت قىلالمايدۇ. بەزى كېسەللەر كارىۋات ئۈستىدە پالەچتەك كۆرۈنمەيدۇ ياكى پالەچلىكى ئېنىق بىلىنمەيدۇ، لېكىن كېسەل ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، ماڭالمايدۇ. بۇنى ھىستېرىيىلىك ئورنىدىن تۇرالماسلىق دەپ ئاتايمىز. تەكشۈرگەندە نېرۋا

فۇنكسىيىسىنىڭ ئەزا خاراكتېرلىك زەخىملەنگەنلىكىگە ئائىت دەلىلنى تاپقىلى بولمايدۇ. پاتولوگىيىلىك رېفلېكس ۋە مۇسكۇللارنىڭ يىگىلىشى بولمايدۇ.

(3) ھىستېرىيىلىك سۆزدىن قېلىش ۋە جىمغۇرلۇق

كالپۇك، تىل، تاڭلاي، ئاۋاز پەردىلىرىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى بولمايدۇ، كېسەل گەپ قىلماي قول ئىشارىتى ياكى يېزىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن نورمال يۆتىلەلەيدۇ. تەكشۈرگەندە ئاۋاز پەردىسى نورمال بولىدۇ.

2. ھىستېرىيە مەنىۋىلىك روھىي توسقۇنلۇق

1) ھېسسىياتنىڭ قوزغىلىشى

روھىي زەربىدىن كېيىن قوزغىلىش تېز بولۇپ، ئىچىنى بوشۇتىۋېلىشنى ئالاھىدىلىك قىلىدۇ. مەسىلەن: قاتتىق يىغلاش، قاتتىق كۈلۈش، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۇنى پۇتۇپ قالغۇچە توختىماسلىق، ھەتتا چاچلىرىنى يۇلۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىش، ئۆزىنى مۇشتلاپ، يەرنى تېپىپ، تامغا ئۇسۇش ياكى يەردە دومىلاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قوزغىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ تەسەللىسىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بەزى كېسەللەرگە تەسەللى بەرگەنسېرى كېسەللىك ئەھۋالى ئەدەپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلىرى ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

2) ئەس ـ ھوشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

كېسەلنىڭ ئەس ـ ھوشى خىرەلىشىپ، ھوشسىزلىنىپ قالىدۇ. ھوشسىزلانغاندا چاقىرسا جاۋاب بەرمەيدۇ. ئىتتەرسە ئىنكاس بولمايدۇ ياكى مىدىرلىمايدۇ، پۇت ـ قولى تاياقتەك قېتىۋالىدۇ. پەقەت قاپىقىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. پۇت ـ قولىنى مىدىرلاتقاندا قارشىلىق

كۆچى بولىدۇ. ئەس ـ ھوشى خىرەلەشكەن ھالەتتە ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەر خىل بولىدۇ. قىلىقلىرى مۇبالىغىلەشكەن بولىدۇ. كېسەل خۇددى باشقىلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. پاراڭلاشقاندا شائىرلاردەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. سۆزىنىڭ مەزمۇنى ئۆزى ئۇچرىغان روھىي ئازاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى كېسەللەردە ساختا دىۋەڭلىك كۆرۈلىدۇ. سوئالغا جاۋاب بەرگەندە سوئالغا يېقىن جاۋابلارنى بېرىدۇ. مەسىلەن: كېسەلگە قانچە بارمىقىڭ بار دېسە «تۆت بارمىقىم بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ياكى قانچە قۇلىقىڭ بار دەپ سورىسا، «ئۈچ قۇلىقىم ياكى بىر قۇلىقىم بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

3) ئۇنۇتقاقلىق

كېسەل مەلۇم بىر ۋاقىتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ھەتتا ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشى ۋە سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

4) خىيالىي سەيلە قىلىش

كېسەلنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى يوقىلىپلا قالماستىن، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ تاكى بىمارنى تاپقىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن جەرياننى ئەسلىيەلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. بۇ خىل ئالامەت ھىستېرىيىدىن باشقا يەنە تۇتقاقلىق كېسىلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

5) قوش خاراكتېر

كېسەل ئوخشىمىغان ۋاقىتتا ئىككى خىل سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. قايسى خىل سالاھىيەتنى ئىپادىلىسە كېسەل شۇنىڭغا خاس خاراكتېر ۋە پوزىتسىيىدە بولىدۇ.

6) باشقىلار

يەنە بىر خىل ئەس ـ ھوشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراش ئەھۋالى بار. يەنى كېسەلدە جىن چاپلىشىۋېلىش ھېسسىياتى بولىدۇ. مەسىلەن: كېسەلگە جىن چاپلىشىۋالغاندەك بىلىنىپ، ئۆلۈكنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋال خۇراپىيلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

## 3. خامۇشلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروز

بۇ بىر خىل ئىجتىمائىي، پسىخىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كەيپىياتتىكى خامۇشلۇقتىن ئىبارەت. بۇ خىل كېسەل يېنىك دەرىجىدە بولۇپ، كېسەللىك تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولىدۇ. ئالاھىدىلىكى:

1. ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەيپىياتنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۈمىدسىزلىك، قىسىلىش ھەم تەشۋىشلىنىش، بىئاراملىق ھېس قىلىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

2. ئېغىر دەرىجىدىكى خامۇشلۇق كېسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى يوق. مەسىلەن: خىيالىي تۇيغۇ، بىھۇدە خىيال، ۋە بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن: كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى، بالدۇر ئويغىنىپ كېتىش، سەۋەبسىز بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ.

3. ئەتراپتىكى مۇھىتقا قارىتا ماسلىشىشچانلىقى نورمال بولۇپ، تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت قاتارلىقلار كۆرۈنەرلىك تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

4. ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ھېس قىلالايدۇ، داۋالاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كېسەللىك سەۋەبى ۋە كېسەلنىڭ قوزغىلىش مېخانىزمى

1. ئىجتىمائىي ئامىل ۋە پسىخولوگىيىلىك ئامىل
ئەر - ئاياللارنىڭ ئۇرۇش - تالىشى، ئاجرىشىپ كېتىش، ئورۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر پەيدا قىلغان مېيىپلىق، خىزمەتتىكى قىيىنچىلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى جىددىيلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىل ۋە پسىخولوگىيىلىك ئامىللار كېسەلنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر دەرىجىدىكى كېسەللىك، كېسەلنىڭ ئەنسىرىشى، ئىچى سىقىلىش، ھەتتا جىمغۇرلىشىپ كېتىش، ئۈمىدسىزلىنىش قاتارلىقلارمۇ كېسەل پەيدا قىلىدۇ. نورمال كىشىدە بۇ خىل كەيپىياتتىكى بېسىم پەيدا بولسا، نەسىھەت قىلىش ۋە باشقىلار ياردەم قىلىش ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقىلىدۇ. لېكىن بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەردە خامۇشلۇق كەيپىياتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ كېسەل تارىخى ئۇزۇن بولىدۇ. خاراكتېرى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولۇپ، گەپ - سۆزلىرى ئاز، خىيالچان، روھسىز بولىدۇ، نېمە ئىش كۆرسە ئازابلىنىدۇ، ئۆتمۈشكە نىسبەتەن ئۆكۈنىدۇ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى بولمايدۇ.

2. خامۇشلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروزدا بىئوخىمىيەلىك ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا ئائىت ئىسپات يوق، لېكىن بۇ كېسەلنى خامۇشلۇققا قارشى تۇرغۇچى دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كېسەلگە

گىرىپتار بولغۇچىلاردا ئېھتىمال بىئوخىمىيىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

## كىلىنىك ئالامىتى

مەزكۇر كېسەلدە خامۇشلۇقنىڭ دەرىجىسى يېنىك بولىدۇ. ئاز بىر قىسىم كېسەللەرنىڭ خىزمىتى ۋە ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ، بۇنداق كېسەللەر زارلىنىدۇ، غەم قايغۇغا چۆكىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، بىر نەرسىلەرنى كۆرگەندە كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغاندەك تۇتۇق كۆرۈنىدۇ. خىزمەتكە نىسبەتەن قىزغىنلىق، قىزىقىش ۋە ئىشەنچ بولمايدۇ. كەلگۈسىگە ئۈمىدسىزلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. داۋاملىق روھسىز يۈرىدۇ. بەزى كېسەللەردە قايتا تۇغۇلۇپ قالسام بوپتىكەن دېگەن خىياللار پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللەردىكى خامۇشلۇق ۋاقىت، ئورۇن ۋە كېسەلنىڭ قىزىقىشىغا قاراپ ئوخشىمايدۇ ياكى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كېسەل كۆپ ۋاقىتلاردا خامۇش يۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆگىنىشى، خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىغا چوڭ تەسىر يەتمەيدۇ. كېسەلنىڭ ئەتراپتىكىلەر مۇھىتقا قارىتا ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دەپ قارىمايدۇ. بۇ خىل خامۇشلۇق ئالامىتىگە ئادەتتە بەزى بەدەن ئالامىتى مەسىلەن: باش ئاغرىش، مۈرىسى ئاغرىش، پۇت ـ قوللىرى ئاغرىش قاتارلىقلار قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل ئاغرىشلارنىڭ سەۋەبىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كېسەلنىڭ ۋېگتاتىپ نېرۋا فونكسىيىسىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئاشقازىنى بىئارام قىلىش، ئىچى سۈرۈش، قەۋزىيەت، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق ئەھۋاللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈلىدۇ، لېكىن كېچە بىلەن كۈندۈزدە رېتىم جەھەتتە پەرق بولمايدۇ.

## 4. قورقۇش خاراكتېرىدىكى نېۋروز

مەلۇم بىر ئالاھىدە شەيئى (شەخس)، مۇھىت ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن كېسەلدە پەيدا بولغان كۈچلۈك قورقۇش ھېسسىياتىنى ھەم كېسەلنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئارقىلىق ئەنسىزلىك كەيپىياتىدىن قۇتۇلۇشىنى قورقۇش خاراكتېرىدىكى نېۋروز (قورقۇش كېسىلى)، دەپ ئاتايمىز.

ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1. كېسەل مەلۇم بىر ئورۇندا پەيدا بولغان قورقۇش ھېسسىياتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. ناھايىتى تەشۋىشلىنىدۇ.

2. ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ شۇ مەيداندىن قاچقان ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ كېسەللىكىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىنى بەلگىلەيمىز.

3. ئۆزىنى چەتكە ئېلىش سەۋەبىدىن كېسەلنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئادەتتە 20 ياش ئەتراپىدىكى ياشلاردا قوزغىلىدۇ. ياشىنىپ قالغانلاردىمۇ قوزغىلىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ كېسەل ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. چوڭلاردىكى ئاددىي تىپلىق قورقۇش كېسىلى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى مەلۇم بىر ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا نېۋروز بىلەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھايۋانلار ياكى قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىن قورقۇش كېسىلى ئۆسمۈرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. لېكىن 19 ~ 13 ياشلارغا كىرگەندە ئۆزلىگىدىن ياخشىلىنىپ قالىدۇ ياكى مەلۇم بىر تەسىر ياكى باشقىلارنىڭ قورقىتىشى ياكى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تەسىرىدىن ياكى شەرتلىك رېفلېكس سەۋەبىدىن قورقۇش ئالامىتى شەكىللىنىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئامېرىكا سورۇنلاردىن قورقۇش كېسىلىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ 19% دە مۇشۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بولىدۇ. مەسىلەن: نومۇسچان (خىجىلچان)، پاسسىپ بولۇش، باشقىلارغا تايىنىۋېلىش، تەشۋىشلىنىش قاتارلىقلار.

دۆلىتىمىزدە بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

## كلىنىكىلىق ئىپادىلىرى

1. ئاددىي (نۇقۇل) تىپتىكى قورقۇش كېسىلى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. چوڭلارنىڭ ھايۋانلاردىن قورقۇشى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلانغان بولىدۇ. چوڭلاردا مەلۇم بىر ئالاھىدە نەرسىلەرگە مەسىلەن: ئۆمۈچۈك، ئىلان، ئېگىزلىك، قاراڭغۇلۇق، خىلۋەت يەر، تاشلاندۇق كان رايونى، گۈلدۈرماما، چاقماقتا نىسبەتەن قورقۇش تۇيغۇسى بولىدۇ. گۈلدۈرماما ۋە چاقماقتىن قورقىدىغانلاردا شۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورقۇپلا قالماستىن، بەلكى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسىمۇ ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. ھەتتا بۇ خىل ئارامسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، باشقا جايلارغا كېتىپ، چاقماق ۋە گۈلدۈرمامىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

2. ئاممىۋى سورۇندىن قورقۇش كېسىلى. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئاممىۋى سورۇنلاردىن قورقۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەم كۆپ يەردىنمۇ قورقۇپ، ئۇ يەردىن كېتىدۇ ياكى ئادەم جىق يەرلەردە ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل سورۇن، ئاپتوبۇس بېكىتى، پويىز ئىستانسىسى، كىتاپخانا، تاللا بازىرى ۋە. تۇيۇقسىز ئايرىلغىلى بولمايدىغان ئورۇن، مەسىلەن: ساتىراچخانا، تىياترخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار شۇ خىل سورۇنلاردىكى بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيدە يالغۇز قېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىرتقا چىقىشتىن قورقىدۇ.

3. ئىجتىمائىي ئالاقىدىن قورقۇش كېسىلى. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى خىل قورقۇش كېسىلىگە قارىغاندا ئاز ئۇچرايدۇ. كېسەل ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا خىجىللىق ھېس قىلىپ، نومۇس قىلىدۇ، بىر جايدا تۇرالمايدۇ، بىئەپلىك ھېس قىلىدۇ. پالاكەتلىشىپ كېتىدۇ، ئىنكاسى ئاستىلايدۇ. باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار كېسەلنىڭ قىياپىتى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق كېسەللەر ئاممىۋى سورۇنلاردا گەپ قىلىشقا ياكى خەت يېزىشقا، تاماق يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بەزى كېسەللەر باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراشتىنمۇ قورقىدۇ. باشقىلار بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ

قالسا قورقۇش ھېس قىلىدۇ.

## 5. مەجبۇرلاش خاراكتېرلىكى نېۋروز

مەجبۇرلار خاراكتېرلىكى نېۋروز بىر خىل مەجبۇرى كۆز قاراش ۋە مەجبۇرى ھەرىكەتنى ئالاھىدىلىك قىلغان نېۋروزنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى:

1. كېسەل گەرچە بۇ خىل مەجبۇرى كۆز قاراش، مۇددا ۋە ھەرىكەتنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنى كونترول قىلالمايدۇ (ياكى بۇ خىل كۆز قاراش ۋە ھەرىكەتنى قىلماي دەپ ئويلىسىمۇ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆزىنى باسالماي قىلىۋېتىدۇ).

2) بۇ خىل مەجبۇرلاش ھالىتىدىن كېسەل ناھايىتى بىئاراملىق ۋە ئازاب ھېس قىلىدۇ.

3) كېسەلنىڭ كېسەللىككە بولغان تونۇشى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. داۋالىنىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ.

4) كېسەلدە مەجبۇرى كۆز قاراش ياكى مەجبۇرى ھەرىكەت ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. يەنە بەزىلەردە بۇ ئىككى خىل ئەھۋال تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. كېسەل پەيدا بولۇش يېشى 34 ~ 16 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ كېسەللىنىش نىسبىتىدە پەرق بولمايدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي، پسىخىك ئامىل بۇ كېسەلنى قوزغىتىدىغان سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە نورمال كىشىلەردىمۇ مەجبۇرلاش كۆز قارىشى پەيدا بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. كېسەللەردە بولسا بۇ خىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەجبۇرلاش كۆز قارىشى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئىجتىمائىي، پسىخىك ئامىل خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىشىشى، تەلەپنىڭ قاتتىق بولۇشى، تۇرىۋاتقان مۇھىتنىڭ جاپالىقلىقى، بىرەر كىللىشمەسلىكتىن قورقۇش، ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىق جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا جىددىيلىشىش، ھامىلدارلىق مەزگىلى ۋە تۇغۇت مەزگىلىدىكى جىددىيلىشىش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، تۇيۇقسىز قاتتىق قورقۇپ كېتىش، ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ۋەيران بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئامىللار كېسەلگە ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، كېسەل كىچىككىنە ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، بىر ئىشقا يولۇقسا خېلى ئۇزۇنغىچە ئىككىلىنىدىغان، قايتا - قايتا ئويلايدىغان، گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئالامەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تېزلىتىدۇ. بۇ خىل مەجبۇرلاش ئالامىتىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي، پسىخىك ئامىللار بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولىدۇ. لېكىن مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، كېسەلنىڭ ماسلىشىشچانلىق كۈچىيىپ، بۇ خىل مەجبۇرلاش ئالامەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ تەبىئىتى قورقۇنچاق، نازۇك، ئىنتايىن ئىنچىكە، ھەددىدىن زىيادە ئەستايىدىل، كاج بولۇپ، بىر ئىشلارنى قىلغاندا ھەددىدىن زىيادە زېغىرلايدۇ، قايتا - قايتا كۆزىتىپ ئوشۇقتىن ئوشۇق ئەستايىدىللىق قىلىدۇ.

## كىلىنىكىلىق ئالامەتلەر

1. مەجبۇرىي كۆز قاراش

1) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى گۇمانلىنىش. بۇرۇن قىلىپ بولغان ئىشلار ياكى خېلى بۇرۇن تۈگەتكەن ئىشلىرىغا نىسبەتەن داۋاملىق ئەنسىرەيدۇ. مەسىلەن: ئىشىكنى قۇلۇپلاپ بولۇپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىكنى قۇلۇپلىدىممۇ يوق، دەپ ئەنسىرەش ياكى ئىشىكنى ئەتمەي قالدىم دەپ گۇمانلىنىش. خەتنى پوچتا ساندۇقىغا سېلىپ بولۇپمۇ، ماركا چاپلىدىممۇ يوق دەپ ئەنسىرەش قاتارلىقلار. بۇنداق كېسەللەر ھەر قانداق ئىشتىن گۇمانلىنىپ ئەنسىرەيدىغان، ئىشلارنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ ياكى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئاندىن كۆڭلى تىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئەسلەش

كېسەل ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ۋە سەزگۈزەشتىلىرىنى قايتا ـ قايتا ئەسلەيدىغان پىسخىكا پەيدا بولىدۇ. كېسەل بۇنداق ئويلاشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا توختىماي ئەسلەش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ. كېسەل بۇ خىل ئەسلەش ھالىتىدىن قۇتۇلاي دەپمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

3) ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى مەجبۇرىي ئەسلەش

كېسەل مەجبۇرىي ھالدا قىلچە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان ئىشلارنى قايتا ـ قايتا ئويلايدۇ. مەسىلەن: تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەبىئىي ھادىسىلەرنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىشلارنى تىنىم تاپماي ئويلايدۇ. مەسىلەن: «دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كېتىدۇ؟ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلىدۇ؟» قاتارلىقلار.

4) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قارشى تەپەككۇر

كېسەلدە داۋاملىق بىر خىل قارشى تەپەككۇر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «ياشىسۇن» دېگەن سۆزنى كۆرسە، دەرھال «يوقالسۇن» دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ. ئەگەر «ئۇرۇش» دېگەن خەت ئۇچرىسا، دەرھالدا كاللىسىدا «تىنچلىق» دېگەن قارىمۇ قارشى خىيال پەيدا بولىدۇ.

2. مەجبۇرىي مۇددىئا ۋە ھەرىكەت

1) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى مۇددىئا

كېسەل مەلۇم بىر ئىشنى قىلىۋاتقان چاغدا شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئوي - پىكىردە بولىدۇ. مەسىلەن: تاشقى بۆلۈم دوختۇرى ئوپېراتسىيە ئىشلەشنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى نورمال دېزىنفېكسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوپېراتسىيە باشلىناي دېگەندە تەرىتى قىستاپ كېتىپ، ئۆزىنى زادى كونترول قىلالمايدۇ. ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن ئايرىلىش ئويىدا بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلمايدۇ، شۇڭا بۇ خىل جىددىيلىشىش ۋە تەشۋىشلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاشقى بۆلۈم دوختۇرى ئوپېراتسىيىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

2) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى يۇيۇش

كېسەل مەلۇم نەرسىلەرنى تۇتقاندىن كېيىن قولىنىڭ پاكىز بولماي قېلىشىدىن، مەلۇم يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قايتا - قايتا قولىنى يۇيىدۇ. قولىنىڭ پاكىز بولغانلىقىنى، قايتا يۇيۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ كېسەل ئۆزىنىڭ كىيىمىنى توختىماي يۇيىدىغان، مونچىغا كۆپ چۈشىدىغان بولۇپ

قالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا كېسەل ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ.

3) مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە ساناق ساناش

كېسەل ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان ھالدا ساناق سانايدۇ. مەسىلەن: ئىستولبىنى كۆرگەندە توختىماي سانايدۇ، دېرىزىنى كۆرگەندە قايتا ـ قايتا سانايدۇ. سانىمىسا ئىچى ناھايىتى تىتىلداپ، چىدىيالماي قالىدۇ.

4) مەجبۇرىي ھەرىكەت

كېسەل دائىم مەلۇم بىر ھەرىكەت بىلەن، مەلۇم بەخت سائادەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كېسەل ئالدىغا ئىككى قەدەم، ئاندىن ئارقىغا بىر قەدەم مېڭىپ، دادىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئەگەر كېسەل بۇ ھەرىكەتنى تولۇق ئورۇندىيالماي قالسا، قايتا ـ قايتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلىقىنى بىلسىمۇ، يەنىلا قىلىدۇ. قىلالمىسا ئىچى تىتىلدايدۇ.

## 6. تەشۋىشلىنىش خاراكتېرىدىكى نېۋروز

بۇ بىر خىل تەشۋىشلىنىش، جىددىيلىشىش، قورقۇش قاتارلىق كەيپىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەشۋىشلىنىش بىلەن بىرگە ۋېگېتاتىلىپ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بىر جايدا تۇرالماسلىققا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بۇ خىل كەيپىياتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى ئەمەلىي خەتىرى بولمىغان ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەشۋىشلىنىش خاراكتېرىدىكى نېۋروز كلىنىكىدا كەڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دائىرىلىك تەشۋىشلىنىش ۋە جىددىي خاراكتېرلىك قوزغىلىش (چۆچۈش) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بۇ كېسەل ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، نىسبىتى 1:2 بولىدۇ. 40 ~ 20 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەردە كۆپ قوزغىلىدۇ.

## كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى

1. كەڭ دائىرىلىك تەشۋىشلىنىش: كلىنىكىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. تەشۋىشلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ 57% نى ئىگىلەيدۇ.

(1) پسىخولوگىيىلىك توسقۇنلۇق

كېسەل ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان تەھدىت، خەتەر ياكى يامان ئاقىۋەتلەردىن ئەندىشە قىلىدۇ ياكى قورقىدۇ. كېسەل بۇ خىيالنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەددىدىن زىيادە ئازاب ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاچچىقلىنىدىغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن قاچىدىغان، دىققىتىنى يىغالمايدىغان، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ناچارلىشىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېسەل بىئارام بولۇپ بىر جايىدا تۇرالمايدۇ. مەسىلەن: ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ، بىر جايىدا ئولتۇرالمايدۇ. كېسەلدە جىددىيلىشىش، قاپىقىنى تۈرۈۋېلىش، قوللىرى تىترەش، رەڭگى سارغىيىش، تەرلەش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

(2) بەدەندىكى ئالامەتلەر

ۋېگېتاتىپ نېرۋىلار فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچىيىپ بۇ كېسەلنىڭ كېتىشى ئاساسلىق ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن: ئاغزى قۇرۇيدىغان، ئاشقازىنى بىئارام قىلىدىغان، كۆڭلى ئېلىشىدىغان، قورسىقى كۆپىدىغان، ئىچى سۈرىدىغان،

مەيدىسى چىڭقىلىدىغان، نەپسى سىقىلىدىغان ياكى نەپسى تېزلىشىدىغان، يۈرىكى سىقىلىدىغان، كۆكرىكى ئاغرىيدىغان، يۈرەك رىتىمى تېزلىشىدىغان، كىچىك تەرىتى كۆپىيىدىغان (كىچىك تەرەت قىلىش سانى كۆپىيىدىغان) جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلايدىغان، ھەيز كەلگەندە ئارامسىزلىق ھېس قىلىدىغان ياكى ھەيز كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بېشى قايىدىغان، تەرلەيدىغان، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

3) ھەرىكەت ئالامىتى

بۇ خىل ئەھۋال مۇسكۇلنىڭ جىددىيلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: جىددىيلىشىش خاراكتېرىدىكى باش ئاغرىش، بېشى ئىسسىلىپ قالغاندەك بولۇش، مۇسكۇللىرى قېتىپ ئاغرىش ھەم قېتىشىپ قېلىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ مۇرە ۋە دۈمبە مۇسكۇللىرىنىڭ قېتىپ قېلىشى كۆپ كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ قولى يېنىك تىترەيدۇ، نازۇك ھەرىكەتنى قىلغاندا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەلنىڭ كۆڭلى تىنجىمايدۇ، ئۇخلاي ھېرىپ قالىدۇ، ئۇيقۇسى ئازلايدۇ، تەستە ئۇخلايدۇ، ئۇخلاي ئويغىنىپ كېتىدۇ. كېسەلدە قارا بېسىپ ياكى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئويغانغاندىن كېيىن قورقىدۇ.

2. جىددىي خاراكتېرلىك تەشۋىشلىنىش

تەشۋىشلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 41.3% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل كېسەل قوزغالغاندا، ۋېگېتاتىپ نېرۋىلارنىڭ ئالامەتلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ئىچى سىقىلىش، يۈرەك سوقۇشى

تېزلىشىش، نەپسى قىيىنلىشىش، كۆكرىكى ئاغرىش، قول ـ پۇتى قولىشىش، ھەتتا پۇتۇن بەدىنى تىترەش، تەرلەش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېسەل قاتتىق چۆچۈپ، ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك، جىنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. قورقىنىدىن كونتروللىقىنى يوقىتىپ، يۇقىرى ئاۋازدا قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ. داۋاملىشىش ۋاقتى 20 ـ 1 مىنۇت ئەتراپىدا، بەزىدە بىرەر سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ. بەزىدە قوزغالغاندا كېسەل كارىۋاتتىن قوپالمايدۇ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

## 7. گۇمانخورلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروز

كېسەل ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلىدۇ، نەتىجىدە بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ياكى مەلۇم بىر ئەزاسىنى نورمال ئەمەس، دەپ گۇمانلىنىدۇ. كلىنىكىلىق تەكشۈرگەندە ھېچقانداق بىر ئاساس تېپىلمايدۇ. لېكىن كېسەل مەلۇم بىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، دەپ تەشۋىشلىنىدۇ.

ئورتاق ئالاھىدىلىكى:

1. كېسەل گۇمانخورلۇق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەدەن خاراكتېرلىك ئالامەت كۆرۈلىدۇ.

2. كېسەلنىڭ داۋالىتىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. قايتا ـ قايتا توختىماي تەكشۈرتىدۇ.

3. كۈندىلىك خىزمەت، ئۆگىنىش، كۈندىلىك تۇرمۇشقا تەسىرى بولمايدۇ. بۇ كېسەل 40 ياشلار

ئەتراپىدىكى ئەرلەردە، 50 ياش ئەتراپىدىكى ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، ياشانغانلاردا ئاز ئۇچرايدۇ.

كلىنىكىلىق ئىپادىسى:

1. گۇمانخورلۇق خاراكتېرلىك پسىخىك توسقۇنلۇق. بۇنىڭ ئىككى خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدۇ. بىر خىلى كېسەلدىن گۇمان قىلىش تۈيغۇسى بولۇپ كېسەلنىڭ بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ياكى مەلۇم بىر ئەزاسىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىدۇ. داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ كېسەلدىن گۇمان قىلىدۇ، ھەتتا ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلىدۇ. كېسەلنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەسۋىرلىشى ئېنىق بولمايدۇ. ئورنىمۇ مۇقىم ئەمەس. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا كېسەلنىڭ تەسۋىرلىشى راستەك، كونكرېتنى بولۇپ، خۇددى مەلۇم بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك بىلىنىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمايدۇ. كېسەل ھەر خىل تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، دوختۇرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. گەرچە تەكشۈرگەندە نورمال چىقسىمۇ، لېكىن كېسەل، تەكشۈرۈشتە خاتالىق بار دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا كېسەل ئەنسىرەيدۇ، ئىككىلىنىدۇ، بىئارامىلىق ياكى ئازاب، تەشۋىشلىنىش ھېس قىلىدۇ.

2. ئاغرىش. بۇ كېسەللەردە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەت بولۇپ، 2/3 قىسىم كېسەلدە كۆرۈلىدۇ. كۆپ كۆرۈلىدىغان ئورۇنلار باش، بەلنىڭ ئاستى، چات ئارىلىقى بولىدۇ. كېسەل بۇ خىل ئاغرىقنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ. بەزىدە پۈتۈن بەدىنى ئاغرىغاندەك ھېس قىلىدۇ. لېكىن تەكشۈرۈشتە ھېچقانداق كېسەللىك ئاساسى تېپىلمايدۇ. كېسەل ھەر تەرەپكە چېپىپ داۋالىنىشنى تەلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. تاشقى بۆلۈم، ئىچكى بۆلۈملەرگە تەكشۈرتىدۇ. ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاخىرى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا كۆرۈنىدۇ.

3. بەدەن ئالامىتى: ھەر خىل ۋە كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ. بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغىچە چېتىلىدۇ. مەسىلەن: كېسەل ئاغزىدا بىر خىل ئالاھىدە پۇراق باردەك ھېس قىلىپ، كۆڭلى ئېلىشىدىغان، يۇتۇشى قىيىنلىدىغان، ئاچچىق سۇ ياندىغان، قورسىقى كۆپىدىغان، قورسىقى ئاغرىيدىغان، يۈرىكى سىقىلىدىغان، كۆكرىكى ئاغرىيدىغان، نەپسى قىيىنلىشىدىغان، قان بېسىمىنىڭ ئۆرلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر بەش ئەزايىنىڭ نورمال ئەمەسلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ، بولۇپمۇ يۈزى، قۇلىقىنىڭ شەكلى نورمال ئەمەستەك بىلىنىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر بەدىنىنى پۇراۋاتقاندەك، تەرلەپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ.

## 8. نېرۋا ئاجىزلىق

نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك كەيپىياتتىكى جىددىيلىك ۋە روھىي بېسىم تەسىرىدە، ئادەمنىڭ روھىي پائالىيەت ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، كېسەل تېز ھاياجانلىنىپ، تېز چارچايدۇ، ئۇيقۇسى قاچىدىغان، بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك ھەر خىل بەدەن خاراكتېرلىك ئارامسىزلىنىش ئالامەتلىرى بىرگە كۆزۈلىدۇ.

كېسەللىك تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئالامىتى بەزىدە

يېنىك، بەزىدە ئېغىر بولىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئىجتىمائىي، پسىخىك ئامىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ كېسەل 16 ~ 14 ياشلىق ياشلاردا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

كلىنىكىلىق ئالامەتلىرى:

1. ئاسان ھاياجانلىنىش. مەيلى خىزمەت ياكى ئۆگىنىش جەريانىدا بولسۇن ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. تەسەۋۋۇرى كۆپىيىدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. لېكىن گەپ سۆزى جىقلاپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېسەلدە بەدەن خاراكتېرلىك ئارامسىزلىنىش ياكى زىيادە سېزىمچانلىق پەيدا بولىدۇ. كۈچلۈك نۇرغا، شاۋقۇنغا نىسبەتەن سەسكىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالسا ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ. باشقىلار بىلەن ئوڭاي ئۇرۇشىدۇ، ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلىدۇ.

2. ئوڭاي چارچاش. كېسەل ئازراق كاللا ئىشلەتسىلا ئوڭاي چارچايدۇ. مەسىلەن: كىتاب كۆرگەن، ئۆگىنىش قىلغان ۋاقتى سەللا ئۇزىراپ كەتسە بېشى چىڭقىلىۋاتقاندەك، قىيىۋاتقاندەك، بېشى ئاغرىۋاتقاندەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىققىتىنى يىغالمىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئوقۇغان ياكى كۆرگەن نەرسىلىرى كاللىسىغا چۈشمەيدۇ. كاللىسىغا چۈشكەندەك قىلسىمۇ ئۇزۇنغا بارماي ئۇنتۇپ قالىدۇ. پۇت - قولىنى ماغدۇرسىز ھېس قىلىدۇ. ھەرىكەت قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، نەتىجىسى چۈشۈپ كېتىدۇ.

3. باش ئاغرىش. ئاساسلىقى چىڭقىلىپ ئاغرىش ۋە

جىددىيلىششى خاراكتېرلىك ئاغرىش بولۇپ، ئورنى مۇقىم بولمايدۇ. كېسەل ئاغرىقلا چىدىيالايدۇ. بەزىدە كۆڭلى ئېلىشىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ، لېكىن قۇسمايدۇ. كىتاب كۆرگەندە، ئۆگىنىش قىلغاندا باشنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ ياخشى ئارام ئالسا، باش ئاغرىقى روشەن ھالدا يېنىكلەپ قالىدۇ.

4. ئۇخلىيالماسلىق. كېسەل تەستە ئۇخلايدۇ. ياخشى ئوخلىيالمايدۇ ياكى ئاسان ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ئوخلىيالمايدۇ. شۇڭا ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ. كېسەل ئۇخلىسام چۈشنى جىق كۆرىمەن دەيدۇ. دائىم قارا باسقانلىقتىن ئازابلىنىدۇ. كېسەل چۈشنى كۆپ كۆرگەنلىكتىن، قىينىپ ئۇخلىيالمىدىم دەپ قارايدۇ.

5. ۋېگېتاتىۋ نېرۋا فۇنكسىيىسىنىڭ قالايمىقانلىششى. كېسەلنىڭ يۈرەك رېتىمى تېزلىشىدۇ. قان بېسىمى بەزىدە ئۆرلەپ بەزىدە تۆۋەنلەيدۇ، كۆپ تەرلەيدۇ. پۇت - قولىنىڭ ئۇچى مۇزلايدۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ ياكى ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ. كىچىك تەرىتىنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. ئاياللارنىڭ ئادىتى قالايمىقانلىشىدۇ.

6. ئىككىلەمچى ئىنكاسلار. بۇ، يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان پسىخىك ئىنكاسلاردىن ئىبارەت. چۈنكى كېسەللەردە يۇقىرىقىدەك بەدەن خاراكتېرلىك ئالامەتلەر ۋە ۋېگېتاتىۋ نېرۋا فۇنكسىيىسىنىڭ قالايمىقانلىششى كۆرۈلگەنلىكتىن، كېسەل ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ گۇمانخورلۇق خاراكتېرىدىكى نېۋروز پەيدا بولىدۇ.

مەسىلەن: كېسەلنىڭ يۈرەك سىيلىشى تېزلەشسە، يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدىم، دەپ ھەر قايسى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرتىدۇ. ئاشقازىنى بىئارام قىلسا، ئاشقازان راكى بولۇپ قالدىم دەپ ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىگە بېسىم قىلىۋېلىپ، نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 9. نېۋروز ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەلگە تەرەققىي قىلامدۇ؟

نېۋروزغا گىرىپتار بولغان كېسەللەر ھە دېگەندىلا دوختۇرلاردىن مۇنداق سوئاللارنى سورايدۇ: «مەن بەك ئازابلىنىپ كەتتىم ... ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. كونتروللىقىمنى يوقىتىپ، ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن. دوختۇر سىزنىڭچە نېۋروز تەرەققىي قىلىپ روھىي كېسەلگە ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟».

ئەمەلىيەتتە ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەر ئۆزىدىكى روھىي نورمالسىزلىقنى ھېس قىلالمايدۇ. نېۋروز بىلەن ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەل تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش پرىنسىپى بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا بىر-بىرىگە ئۆزگەرمەيدۇ. نېۋروز مەيلى قانچىلىك ئېغىر بولسۇن ئۇ يەنىلا نېۋروزدۇر. ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەل قانچە يېنىك بولسۇن ئۇ يەنىلا ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەلدۇر. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە نېۋروزغا گىرىپتار بولغان

كېسەللەرنىڭ ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەللىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى نورمال كىشىلەرنىڭ ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەللىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولمايدۇ.

بەزى روھىي كېسەللەردە نېۋروزغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيقۇسىزلىق، تەشۋىشلىنىش، مەجبۇرىي ھەرىكەت قىلىش (ئۆز - ئۆزىنى مەجبۇرلاش پسىخىكىسى) قاتارلىقلار. لېكىن يۇقىرىقى ئالامەتلەر كۆرۈلگەندىن سىرت يەنە ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنى پەقەت تەجرىبىلىك، پىشقان روھىي كېسەل دوختۇرلىرىلا پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭلاشقا نېۋروز ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەللىگە تەرەققىي قىلمايدۇ دەيمىز.

## نېۋروز بىلەن روھىي كېسەل ئۆزئارا ئوخشاش بولامدۇ؟

ئادەتتە ئېيتىلىدىغان روھىي كېسەل ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلى، قۇتراش تەلۋىلىكى ۋە خامۇشلۇق تىپىدىكى روھىي كېسەل (ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەل)، ئىنكاس خاراكتېرلىك روھىي كېسەل ۋە ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بىمارنىڭ روھىي پائالىيىتى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، ئۆزىدە كېسەللىك بار دەپ قارىمايدۇ. ئۆزىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ياكى ئۆزى ھېس قىلغان كېسەلنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى خىيالىي تۇيغۇ، بىھۇدە خىياللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. داۋالىتىش ئارزۇسىدا بولمايدۇ، ھەمدە

روھىي كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان خىيالىي تۇيغۇ، بىھۇدە خىيال شەكىللىنىدۇ، ئىرادىسى ئاجىزلايدۇ، مىجەزى ۋە ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

نېۋروزدا روھىي كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى مەسىلەن: خىيالىي تۇيغۇ (ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان)، خام خىيال پەيدا بولمايدۇ. پەقەت كېسەلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ياكى پسىخىكىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ، ئۆزى ئازابلىنىدۇ، كۆچلۈك داۋالىتىش ئارزۇسىدا بولىدۇ، ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا نېۋروز روھىي توسقۇنلۇقتا ئۇچراشنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئۇ ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەل بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

## نورمال ئادەملەردە نېۋروزنىڭ ئالامەتلىرى بولامدۇ؟

نورمال ئادەملەردە ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا نېۋروزنىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ نېۋروز ئەمەس، بەلكى نورمال فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىدۇر.

نورمال ئادەملەر بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن كېيىن ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ، بۇ نورمال ھادىسە. ئادەم ھېرىپ چارچىسا ئىختىيارىي ھەرىكەت پائالىيىتى ئازىيىدۇ، جىسمانى كۈچى خۇراپ كۆپ ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدۇ، چارچاش ھېس قىلىپ ھەرىكەت قىلغاندا دىققىتىنى يىغالمايدۇ، ئىشنى خاتا قىلىپ قويىدۇ، روھىي پائالىيىتى جەھەتتە تەپەككۇر پائالىيىتى چېكىنىدۇ، ئىجادچانلىقى كەم

بولىدۇ، يېڭى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇسى كەلمەيدۇ، پىكرى چېچىلىپ، مەلۇم بىر ئىشقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھارغىنلىقنى خاتا ھالدا نېرۋا ئاجىزلىق دەپ قارايدۇ. تەشۋىشلىنىش ياكى ئەندىشە قىلىش بولسا، كىشىلەر مەلۇم ئالاھىدە ئەھۋاللارغا يولۇققاندا پەيدا بولىدىغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەر بۇنىڭدىن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. نورمال ئادەملەر ئىمتىھان ياكى يېڭى مۇھىم ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى تەشۋىشلىنىش ياكى ئەندىشە قىلىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. لېكىن ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. بەزى نورمال ئۆسمۈرلەردە بەزىدە ئادەتلىنىش خاراكتېرلىك قايتىلانما ھەرىكەتلەر (ئۆز - ئۆزىنى زورلاش پسىخىكىسى) كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بەزى بالىلار يول ماڭغاندا تۆت قەدەم مېڭىپ بىر قەدەم سەكرەيدۇ ياكى تۆت چاسا خىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا دەسسەپ ماڭىدۇ، قىرىغا دەسسىگىسى كەلمەيدۇ. بىر ناخشا ياكى بىر شېئىرنىڭ بىر كۇبلېتى ياكى بىر مىسراسىنى توختىماي ئوقۇيدۇ، بولدى قىلاي دەپ تۇرۇپ يەنە ئوقۇيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋالدۇر.

كۆپلىگەن ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئەتىكى پىلان ياكى شۇ كۈندىكى ئىشلارنى تەكرار ئويلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ. نورمال ئادەملەردە يەنە بەزىدە گۇمانخورلۇق پەيدا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆز بەدىنىدىكى نورمال ھادىسىلەرنى، يەنى يۈرىكىنىڭ سېلىشۋاتقانلىقىنى، ئاشقازىنىنىڭ چىڭقالغانلىقىنى سەزگەندەك، بېشى چىڭقالغاندەك، جىددىيلىشىش كەيپىياتىدا بولىشۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ياكى

تۈن يېرىمىدا تومۇرىنىڭ سوقۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ تۇيغۇلارغا نىسبەتەن گۇمانلىنىش كەيپىياتىدا بولىدۇ. ئەمما بۇ تۇيغۇلارنى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل گۇمانلىنىشنى تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، نېۋروزنىڭ كۆپ ئالامەتلىرى نورمال ئادەملەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەمما نورمال ئادەم بىلەن نېۋروز كېسەللىرىنىڭ تۈپتىن پەرقى بولىدۇ. نورمال ئادەملەردە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئەھۋاللار بىر خىل شەكىلدە، قىسقا مەزگىللىك كۆرۈلۈپ، ئاسانلا يوقىلىدۇ ھەم بۇ ئالامەتلەر كىشىلەردە ھېچقانداق پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلالمايدۇ. نېۋروز بىمارلىرىدا بولسا: بىئارام بولۇش ← دىققىتىنى يىغالماي ئىچى سىقىلىش ← بىئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇش تەس كېلىش ← ھەتتا قۇتۇلالماي تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىش ← ئەندىشىگە چۈشۈش ← تېخىمۇ بىئاراملىق بولۇش قاتارلىق خەتەرلىك ئايلىنىش شەكىللىنىدۇ. نورمال كىشىلەردە بۇ خىل خەتەرلىك ئايلىنىش شەكىللەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مېڭە ئىقتىدارى چېكىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان روھىي كېسەللەر

## 1. ئالزخېيمېر كېسىلى

ئالزخېيمېر كېسىلى (Alzheimer's disease, AD)، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بىرلەمچى چېكىنىش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىدىغان كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېسەلنى 1906 ـ يىلى ئالزخېيمېر دېگەن كىشى بايقىغان، شۇڭا شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەزكۇر كېسەلنىڭ كلىنىكىلىق ئىپادىسى دۆتەكلىك يىغىندى ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل كېسەلنىڭ قوزغىلىشى ئاستا بولۇپ، كېسەللىك ئەھۋالى تەدرىجىي ئېغىرلىشىدۇ، سەۋەبى ئېنىق ئەمەس.

كلىنىكىلىق ئىپادىسى:

40 ياشتىن تۆۋەن كىشىلەردە بۇ خىل كېسەللىك ئاز كۆرۈلىدۇ. 60 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئاشىدۇ. بۇ كېسەل ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، نىسبىتى 1 : 2 ياكى 1 : 3 بولىدۇ. كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 56 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ تىپىك ئالامىتى، دۆتەكلىك يىغىندى ئالامىتىدىن ئىبارەت.

كېسەلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پەقەت كېسەلنىڭ ئەستە تۇتۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ ياكى كېسەل يېنىك دەرىجىدە ئۇنۇتقاق بولۇپ قالىدۇ. كېسەلنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى ساقلىنىپ قالغانلىقتىن كېسەلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى بايقىيالماي، ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغان نورمال ئەھۋال دەپ قارايدۇ. بەزىدە مۇھىتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى، كېسەلنىڭ جۈپتىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى كېسەللىك ئەھۋالىنى تۇيۇقسىز ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ، شۇ چاغدىلا ئۆيىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يولنى بىلمەي قايتىپ كېلەلمىگەندە، گۆدەكلەرچە ھەرىكەت قىلغاندا ياكى مەلۇم بىر ھادىسىگە يولۇققاندا ئاندىن ئۆيىدىكىلەر ئۇلاردا كېسەللىك بارلىقىنى بىلىدۇ. دەسلەپتە كېسەلنىڭ ئەستە تۇتۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، بۇ كېسەلنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى (يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ ياكى ئەستە ساقلىيالمايدۇ) ۋە يېقىنقى ۋاقىتتىكى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ھەم بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: كېسەلگە ئاچقۇچ، قەلەم، چاقماقتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنىڭ ئىسمىنى يادلىتىپ 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى دەپ بېرىشنى ئېيتساق كېسەل ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ) . كېسەل كۆپ ھاللاردا قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيدۇ. بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ھازىر تاماق يەپ بولۇپ، يەنە تاماق يەمدۇق، تاماق يەيلى دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. كېسەلنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەش ئىقتىدارىمۇ

توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلارنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ تارىخىنى، تۇغۇلغان ئاي كۈنىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. كېسەللى ئېغىرلاشقاندا ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تەل - تۆكۈس ئۇنتۇپ قالىدۇ. يۆنىلىشنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمۇ كېسەلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. كېسەل ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىخىدا بولمىغان ئىشلارنى بولدى دەۋالىدىغان ياكى ئۆزىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ۋاقتى، ئورنىنى خاتا سۆزلەپ بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىدىن سىرت يەنە ئابستراكت تەپەككۇرى مەسىلەن: ئومۇملاشتۇرۇش، يەكۈن چىقىرىش، ھۆكۈم قىلىش، ھېسابلاش قاتارلىق ئەقلىي پائالىيەتلىرىدە روشەن چېكىنىش كۆرۈلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ھەممە ئىشلىرىنى باشقىلار قىلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. كېسەل يېڭى مۇھىتقا كۆنەلمەيدۇ. مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ، نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەيدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاددىي ئەتىگەندە ناشتا قىلىش ياكى پۇتىنى يۇيۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. داۋاملىق خاتالىشىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: گاز ئۇچاقنى ئېتىشنى، تۇرۇبىنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئىشىكنى تاقىمايدۇ. بەزى كېسەللەردە تۇرۇپ - تۇرۇپ بىھۇدە خىيال ياكى خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ پۇلىنى نەگە قويغانلىقىنى تاپالماي باشقىلارنى ئوغرىۋالدى دەپ گۇمان قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر جۈپتىنى سىرتتا باشقا

بىرسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى كېسەللەردە كېسەلدىن گۇمانلىنىش بىھۇدە خىيالىي پەيدا بولىدۇ. بۇنداق كېسەللەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولۇپ، چىرايى دەلتىدەك كۆرۈنىدۇ، گەپنى ئاز قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بەزىلەردە خۇشاللىنىش، تەشۋىشلىنىش، خامۇشلۇق ۋە ئوڭاي ئاچچىقلىنىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. تەبىئىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن ناھايىتى زېرەك، تېتىك، چاققان ئادەم كېسەل بولغاندىن كېيىن جاھىل، شەخسىيەتچى، گەپ-سۆزدە ئاشۇرىۋېتىدىغان، مۇتەئەسسىپ بولۇپ قالىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، تازىلىققا دىققەت قىلمايدىغان، باشقىلار تاشلىۋەتكەن مەينەت تاماكا قالدۇقلىرىنى چېكىدىغان، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەر خىجىل بولۇشنى ئۇقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەم بار يەردىمۇ چوڭ- كىچىك تەرەت قىلىۋېرىدۇ، جىنسىي ئەزالىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەرنىڭ ھەرىكىتى ئازلاپ كېتىدۇ ياكى ئاددىي ھەرىكەتلەرنى قايتا - قايتا قىلىدۇ. گۆدەكلەرچە قىلىقلارنى، غەلىتە، بىمەنە ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. كېسەللەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بەزى كېسەللەر كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى مېڭىپ يۈرىدۇ، نەسىلەرنى ئۆرۈپ، قالايمىقان ۋارقىرايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

## 2 . پىك كېسىلى

بۇ خىل كېسەللىكنى 1892 - يىلى پىك (Pick) دېگەن

كىشى بايقىغان، شۇڭا مۇشۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ كېسەلمۇ ئالىزخېيمېر كېسەللىكىگە ئوخشاش مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بىرلەمچى چېكىنىش خاراكتېرىدىكى دىۋەڭلىكتىن ئىبارەت.

كلىنىكىلىق ئىپادىسى:

ئاياللارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئەرلەرگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. 60 ~ 50 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. 20 ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق بىر ياشتىكى كىشىلەردە بۇ خىل كېسەلنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى بەزى ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر كېسەللىك بىلەن ئالىزخېيمېر كېسىلىنىڭ تۈپ پەرقى شۇكى مەزكۇر كېسەلدە كېسەلنىڭ تەبىئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلىمەيدۇ. بۇنداق كېسەللەرنىڭ ھەرىكىتى گۆدەكلەرچە بولۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ، ھاراقنى كۆپ ئىچىدۇ، ئوغرىلىق قىلىدۇ، باشقىلارغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، ئەدەپسىز، ھورۇن بولۇپ، يېنىك دەرىجىدىكى قۇتراش كېسىلىگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېسەل ئۆزىنىڭ كېسىلىگە قارىتا توغرا تونۇشتا بولمايدۇ. كېسەلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېسەل ئالىزخېيمېر كېسىلىگە ئوخشاش چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تۇتالمايدۇ. بۇ خىل كېسەللەردە نېمىنى كۆرسە شۇنى تۇتىدىغان، سىلاپ باقىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا

ئەگىشىپ كېسەلنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىي كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىدۇ. كېسەل بىر خىل دۆت چىراي بولۇپ، چىراي ئىپادىسى ھېسسىياتسىز ياكى خۇشالدەك كۆرۈنىدۇ. قىسقا ۋاقىتلىق ئارامسىزلىنىدىغان، ھەرىكىتى كۆپىيىدىغان، گەپ ـ سۆزلىرى ئازلايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

## 3. پاركىنسون كېسىلىدىن پەيدا بولغان روھىي كېسەل

پاركىنسون كېسىلى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 55 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 1 : 2 بولىدۇ.

كلىنىك ئالامەتلىرى:

1. پاركىنسون كېسىلىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدىكى ئالامەتلىرى: ① تىترەش. قوللىرىنىڭ تىترىشى باشتا كۆرۈلىدۇ ② مۇسكۇللىرى قېتىش ③ ھەرىكىتى ئازلاش ④ شۆلگىيى كۆپىيىش، گەپ قىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ۋېگېتاتىۋ نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىي قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

2. پاركىنسون كېسىلىدە روھىي كېسەل ئالامەتلىرىمۇ خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

1) ئەس ـ ھوشى غۇۋالىشىپ، شەيئىلەرنىڭ ۋاقتى، ئورنىغا نىسبەتەن يۆنىلىش بەلگىلىشىي توسقۇنلۇققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچرايدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىدا كىملەرنىڭ بارلىقىنى، ھازىر قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، خىيالىي كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. كەيپىياتى تۇراقسىز بولىدۇ. تەپەككۇر باغلاشتۇرۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. خامۇشلۇققا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

2) كېسەلنىڭ ئىنكاسى ئاستا بولۇپ، خامۇشلۇق، چۈشكۈنلىشىش ۋە تەشۋىشلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر ئارىلىشىپ كۆرۈلىدۇ. ئېغىرلىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئايال كېسەللەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

3) خىيالىي تۇيغۇ ۋە بىھۇدە خىيالنىڭ پەيدا بولۇشى. كېسەلدە خىيالىي ئاڭلاش تۇيغۇسى، قەست قىلىش خاراكتېرلىك ياكى كېسەلدىن گۇمانلىنىش خاراكتېرلىك بىھۇدە خىيال پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسەۋۋۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

4) دىۋەڭلىك ئالامىتى. كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كېسەلنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلەشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، گۆدەكلەرچە قىلىقلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## ميڭە قان تومۇر كېسىلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن روھىي كېسەل

### قان تومۇر مەنبەلىك دۆتلۈك

بۇ، ميڭە قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان دۆتلۈك ئاساسلىق كلىنىك ئالاھىدىلىكى بولغان كېسەللىكنى كۆرسىتىدۇ. 60 ~ 50 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەردە بولۇپمۇ ئەرلەردە كۆپ قوزغىلىدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بولىدۇ. ئادەتتە كېسەللىك تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، ميڭىگە قان چۈشۈش، ميڭە تىقىلمىسىدىن پەيدا بولغان سەكتە قاتارلىقلار، بۇ كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن ئەتراپ قان تومۇرلىرىنىڭ قايتىدىن قان بىلەن تەمىنلىنىشى ياخشى بولسا، كېسەللىك ئالامىتى يېنىكلەيدۇ.

كلىنىكىلىق ئىپادىلىرى:

1) دەسلەپكى ئالامەتلىرى

كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بايقىغىلى بولمايدۇ. ئاز بىر قىسىم كېسەللەردە پەي رېفلېكسى كۈچىيىپ كېتىدۇ، يەنە بەزى كېسەللەردە كېكەچلەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. كېسەلنىڭ ئاكتىپچانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆۋەنلىگەندىن سىرت يەنە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يىنىك دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ، دىۋەڭلىكنىڭ باشقا ئىنىق ئىپادىسى بولمايدۇ. دەسلەپتە كۆرۈلىدىغان ئاساسلىق ئالامەتلىرى: ① باش ئاغرىش، ماڭلاي، چوققا قاتارلىق جايلار توختىماي ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېشى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك سېزىم پەيدا بولىدۇ ② بېشى قېيىش، ئورنىدىن تۇرغاندا بېشى قايىدۇ، بېشى قايغاندا ئەتراپتىكى نەرسىلەر چۆگىلىگەندەك سېزىم بولمايدۇ، بەزىدە تۇيۇقسىز كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بىر يېنىغا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ ③ پۇت ـ قولنىڭ قولىشىشى، پۇتنىڭ قولىشى بىر قەدەر ئېنىق بولىدۇ، يەنە بەزىدە سانجىلىپ ئاغرىۋاتقاندەك، قىزىغاندەك، قىچىشقاندەك ياكى توڭلىغاندەك سېزىم پەيدا بولىدۇ ④ ئۇيقۇسىزلىق. ئاسان ئۇخلىيالمايدۇ، ئۇيقۇسى ناچار بولىدۇ، ئاسان ئويغىنىپ كېتىدۇ، ئەتىگەندە بالدۇر تۇرۇۋالىدۇ، بۇ خىل ئۇيقۇسىزلىق، روھىي كەيپىيات ۋە بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆپلىگەن كېسەللەردە ئۇخلىمىغان ۋاقىتتا تەشۋىشلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ ⑤ قۇلىقى غۇڭۇلداش. تۆۋەن ئاۋازلىق، ئۆزگىرىشچان غۇڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ. يالغۇز بىر تەرەپتە ئاڭلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئاز بىر قىسىم كېسەللەرگە مېڭە ئىچىدە غۇڭۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئاشقازان ـ ئۈچەي فۇنكسىيىسى قالايمىقانلىشىش، يۈركى سىقىلىش، ئۇڭاي چارچاش، دىققىتىنى يىغالماسلىق، كەيپىياتى ناچار

بولۇش، ئاسان ئاچچىقلىنىش، ئازابلىنىش، ئۆزىنى تۇتالماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزىلەردە يېنىك دەرىجىدىكى خامۇشلۇق ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

2 ) نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالامەتلىرى

كېكەچلەش، يۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ قىيىنلىشىشى، مەركەز خاراكتېرلىك يۈز مۇسكۇللىرى پالەچلىنىش، ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى يارتا پەلەچلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

3 ) دىۋەڭلىك

گەرچە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلىسىمۇ لېكىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۆزىنى بىلىش ئىقتىدارى مەۋجۇت بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى، ئاسان ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەزىلەردە خامۇشلۇق، تەشۋىشلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزى كېسەللەردە ئورۇنسىز سۆزلەش، گېپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، گەرچە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنلىسىمۇ، لېكىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ياخشى بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدۇ.

دىۋەڭلىك تەرەققىي قىلغاندا بىر قىسىم كېسەللەردە بىھۇدە خىياللار پەيدا بولىدۇ ھەم سەزگۈ ۋە تۇيغۇسى بىرگە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. تېخىمۇ ئېغىرلاشقاندا ئالىزخېيمېر كېسىلىگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# روھىي كېسەللەرنى ئەدلىيە روھىي كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىش

## 1. قايسى خىل ئەھۋالدا ئەدلىيە روھىي كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ؟

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈمىدە ئەدلىيە روھىي كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى چوقۇم ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىلتىماس قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى دېلو ئىشلەش جەريانىدا، تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى تەستىقلاش ئالدىدا ۋە جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىش جەريانىدا سوت مەھكىمىسى دېلوغا قاراپ چىقىش جەريانىدا ياكى كېيىنم ھۆكۈم قىلىش ئالدىدا، دېلونىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گۇماندااردا تۆۋەندىكىدەك روھىي نورمالسىزلىق بار دەپ قارالسا، ئەدلىيە روھىي كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنلارغا تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك جاۋابكار، دەۋاگەر ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ياكى ئاقلىغۇچىلار گۇمانلانغان مەسىلىلەر بولسا ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن ئەدلىيە روھىي كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

1) دېلو يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ روھىي پائالىيىتى نورمالسىز بولۇش تارىخى بولسا ۋە

ئائىلىسىدىكى بەزى تۇغقانلىرىدا روھىي كېسەللىك بولسا، تەكشۇرۇپ بېكىتىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. چۈنكى كۆپلىگەن روھىي كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىدا مەلۇم بىر جەريان بولىدۇ (ئاز ساندىكىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) شۇڭا تەكشۇرۇش ئارقىلىق بۇرۇن روھىي كېسەلنىڭ بار ـ يوقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ ياكى مەخسۇس بۆلۈم ۋە روھىي كېسەللىك مەخسۇس دوختۇرخانىسىدا، ئامبۇلاتورىيىدە كۆرۈنگەن ياكى دوختۇرخانىدا ياتقان كېسەللىك ئارخىپى ياكى دېلو يۇز بېرىشتىن بۇرۇن روھىي جەھەتتىن نورمالسىزلىق كۆرۈلگەنلىك توغرىسىدىكى مەلۇم بىر خاتىرە بولىدۇ. روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئائىلىسىدە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، روھىي كېسەل دەپ بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئائىلە ئەزالىرىدا روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولمىسا، روھىي كېسەلى يوق دەپمۇ قارىيالمايمىز. بەزى روھىي كېسەللەردە ئىرسىيەت ئامىلى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى، ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەل، ئېلىشىپ قېلىش كېسەلى قاتارلىقلار. ئىرسىيەت ئامىلىنىڭ ئېھتىمال تەكشۇرۇلگۇچىنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىرى بولۇشى مۇمكىن.

2) تەكشۇرۇلگۇچىنىڭ دېلو يۇز بېرىشتىن بۇرۇن كېسەللىك تارىخى بولمىسىمۇ، لېكىن تەكشۇرۇلگۇچىنىڭ ئائىلىسىكىلەر ۋە ئەتراپىتىكى خوشنا ـ خۇلۇم، دوست ـ بۇرادەرلىرى تەكشۇرۇلگۇچىنىڭ خاراكتېرىدە غەيرىيلىك، كەيپىياتىدا تۇراقسىزلىق بولغانلىقى، ئۇيقۇسىنىڭ ناچارلاشقانلىقى، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى، ھەرىكىتىنىڭ غەيرىيلەشكەنلىكىنى بايقىسا، تۇتاقلىق ۋە ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى سەزگەن بولسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

3) جىنايى ئىشلار دېلوسىدا جىنايەت سادىر قىلىش جەريانى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولمىسا: ① جىنايەت سادىر قىلىش مەقسىتى ۋە مۇددىئاسىنىڭ بىمەنىلىكى، كەمچىللىكى ۋە چۈشىنىكسىزلىكى. مەلۇم بىر مۇددىئا ۋە مەقسىتى بولسىمۇ لېكىن ئاقىۋىتى بىلەن ماس كەلمىسە ② جىنايەت سادىر قىلىش جەريانىدىكى ئۆزىنى قوغداش ئەھۋالى. بۇ جىنايەت سادىر قىلىشتىن بۇرۇنقى پىلانى، جىنايەت سادىر قىلىش ئورنى، ۋاقتى، مەيدانىنىڭ تاللىنىشى، دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغداش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: نەق مەيداننى ئۆزگەرتمىگەن، ئىزىنى يوقاتمىغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قاچمىغان بولسا.

روھىي كېسەللەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىڭى بولمايدۇ ياكى بولسىمۇ ئانچە مۇكەممەل بولمايدۇ. دېلو سادىر قىلىشتىن بۇرۇن ئەتراپلىق پىلان تۈزمەيدۇ، كۆپ ھاللاردا يالغۇز دېلو سادىر قىلىدۇ. جىنايەت سادىر قىلىش قورالى، قولىغا نېمە چىقسا شۇ بولىدۇ. دېلو تۇغدۇرۇش ئورنى، ۋاقتى ۋە مەيدانىغا نىسبەتەن تاللاش بولمايدۇ. دېلو سادىر قىلىش ئوبيېكتىنى (زەخىملەنگۈچى) تاللىمايدۇ ياكى پەقەت ئۆزىدە پەيدا بولغان بىھۇدە خىيالدىكى ئوبيېكتى بولىدۇ. دېلو سادىر قىلىش تۇيۇقسىز بولىدۇ. دېلودىن كېيىن ئۆزىنى ئەپ قىچىش ياكى يوشۇرۇش ئىڭى بولمايدۇ.

4) دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن روھىي كېسەلنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزىلەر دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا نەزەربەنت خاراكتېرلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر يالغاندىن روھىي كېسەل بولىۋالىدۇ. بۇنداقلارنى چوقۇم ئەدلىيە روھىي كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېرەك.

5) دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ ھاراقكەشلىك ياكى دورىغا خۇمار بولۇش تارىخى بولسا ياكى ئىلگىرى ئەخلاقى ياخشى

بولسا، ياشانغانلار دېلو پەيدا قىلسا ئەدلىيە روھىي كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. ياشانغانلاردىكى دىۋەڭلىك كېسىلىنىڭ دەسلەپتە كېسەلنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، ئىنتىزامغا بوي سۇنمايدىغان ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنداقلاردا ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تۆۋەنلىكى گەۋدىلىك بولمايدۇ، شۇ سەۋەبلىك كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ.

## 2. روھىي كېسەللەرنىڭ جىنايى جاۋاب-كارلىقىنى باھالاپ بېكىتىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئاساسىي نېمە؟

جىنايى جاۋابكارلىق، ئىقتىدارى قىسقارتىلىپ جىنايى جاۋابكارلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان جاۋابكارلىق بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى پەرق ئېتىش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ ياكى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى ۋە ئاقىۋىتىگە بولغان پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ھەمدە ئاڭلىق ھالدا ئۆز ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلىتىمىزدە روھىي كېسەللەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى باھالاپ بېكىتكەندە دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 18 - ماددىسى ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى روھىي كېسەللەر ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى پەرق ئېتىش ياكى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئەھۋالدا پەيدا قىلغان دېلولاردا ئۇلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روھىي كېسەللەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى باھالاپ بېكىتىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆلچىمى بار.

1. مېدىتسىنا ئۆلچىمى. بۇ شۇ كىشىنىڭ كېسەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىئاگنوزىنىڭ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئىلىشىپ قېلىش كېسىلى، ھېسسىيات خاراكتېرلىك روھىي كېسەل، ئۆسۈپ - يېتىلىشىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى، ئەزا خاراكتېرلىك روھىي كېسەل قاتارلىقلار.

2. پسىخولوگىيە ئىلمى ئۆلچىمى. يەنى قانۇنشۇناسلىق ئۆلچىمى. بۇ شۇ كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پەرق ئېتىش، كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلىقىنى يەنى ئاجىزلىغانمۇ، يوقالغانمۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى ئۆلچەمنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. تېببىي ئۆلچەم ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. روھىي كېسەلنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى بېكىتىش چوقۇم كېسەللەرنىڭ تېببىي دىئاگنوز ئۆلچىمى ئاساسىدا، شۇ كېسەلنىڭ پەرق ئېتىش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بار يوقلۇقى، ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاشقان ياكى يوقالغانلىقى بېكىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كېسەلنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ تولۇق، قىسمەن ياكى يوقلىقى بېكىتىلىدۇ.

## 3. روھىي كېسەللەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنامدۇ؟

كىشىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «روھىي كېسەللەر ئادەم ئۇرسا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرسە خۇن تۆلىمەيدۇ» دەيدىغان كۆز قاراش بار، بۇنىڭدىكى سەۋەب، كىشىلەر دائىم روھىي كېسەللەرنى «ساراڭ» نورمال تەپەككۇر قىلالمايدۇ، قىلمىشىنى كونترول قىلالمايدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىدا. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراش مۇكەممەل ئەمەس. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كېسەلنىڭ تۈرىگە قارايمىز، پەقەت ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي كېسەل (مەسىلەن: ئىلىشىپ قېلىش كېسىلى، قوتراش خاموشلۇق تىپلىق روھىي كېسەل قاتارلىقلار) گە گىرىپتار بولغانلارلا قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. بىر قىسىم يېنىك

دەرىجىدە روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلار (مەسىلەن: خاراكتېرى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، نېۋروز قاتارلىقلار) بولسا، قانۇنىي جاۋابكارلىقنى تولۇق ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىككىنچىدىن، كېسەللىك مەزگىلىگە قارايمىز. ئەگەر كېسەل كېسىلى نىسبەتەن يېنىك ۋاقىتتا ياكى كېسەللىكنىڭ ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولسا، نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. پەقەت كېسەل ئەتراپىدىكى مۇھىتنى راستىنلا پەرق ئېتەلمەيدىغان، ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرەلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا كېسەلنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى جىنايەت (مەسىلەن: باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار) ئۆتكۈزۈشكە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ خاراكتېرىنى، ئەھمىيىتىنى، تەسىرى ۋە نەتىجىسىنى تونۇپ يېتىشىنى ھەمدە بۇ تونۇشقا ئاساسەن ئۆز قىلمىشىنى تاللىشى ۋە كونترول قىلىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنغا خىلاپ بولغان قىلمىشىغا قارىتا جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقى، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىنىڭ بار يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جاۋابكارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى بولمىسا، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ.

مەيلى جىنايى ئىشلار بولسۇن ياكى ھەق تەلەپ ئىشلىرى بولسۇن روھىي كېسەللەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئادەتتە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئىقتىدارى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ، بۇ خىزمەتنى ئەدلىيە روھىي كېسەللەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغان مۇتەخەسسىسلەر قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قوشۇمچە

## ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان روھىي كېسەل دورىلىرىنىڭ كلىنىكىدا ئىشلىتىلىشى ۋە ئەكس تەسىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋەللىرى

بەلگىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

«卌» ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى، ئالدىن تاللاپ ئىشلىتىش زۆرۈر.

«卅» ئۈنۈمى خېلى ياخشى، ئالدىن تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

«++» ئۈنۈمى ياخشى، ئىشلەتكەندە تاللاشقا بولىدۇ.

«+» بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە ئۈنۈمى ياخشى، ئىشلەتكەندە ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ.

«±» ئاندا - ساندا ئۈنۈم بېرىدۇ ياكى ئۈنۈمى كۆرۈلمەيدۇ.

«—» ئۈنۈمى يوق ياكى ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن.

روھىي كېسەل دورىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا قەتئىي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

1. ئېغىر يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: يۈرەك زەئىپلىشىش، ئېغىر دەرىجىدىكى يۈقىرى

قان بېسىم كېسىلى بولسا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

2. بەدىنى ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن ياكى قان بېسىمى ھەددىدىن تۆۋەن بولغان كېسەللەرگە: قان بېسىمى $10.7/6.67K_{pa}$ دىن تۆۋەن بولغان كېسەللەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

3. جىگەر قېتىشىش، شۇنىڭدەك ھەر خىل جىگەر ياللۇغى بولغان كېسەللەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

4. ئېغىر دەرىجىلىك بۆرەك كېسىلى: بۆرەك زەئىپلىشىش، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى بولسا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

5. مېڭە قان تومۇر نوكچىسى ۋە ئاق قان دانىچىسى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

6. ناركوز ۋە ئۇيقۇ دورىلىرىدىن زەھەرلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

7. ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدا يارا بار كېسەللەرگە ۋە ھامىلدارلارغا رېزېرپىن (利血平) نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: سانىيە قاسىم
مەسئۇل كوررېكتور: ئامىنە ھاپىز

# روھىي كېسەللىكلەر ھەققىدە ساۋات

تۈزگۈچى: مەمەتىرشات تۇرسۇن
شاۋكەت سۇلتان

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى 830001)
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
1092×787مم، 32 فورمات، 6.25 باسما تاۋاق
2003ـ يىل 7ـ ئاي 1ـ نەشرى، 1ـ قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
ISBN 7 —5372 — 3680 — 1/R · 469
باھاسى: 13.80 يۈەن

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: خامۇشلۇق كېسىلى، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى نېۋروز، نېرۋا مەنبەلىك تويماسلىق كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: خامۇشلۇق كېسىلىدە، ياشلار ۋە ياشانغانلار ھەر كۈنى 20 ~ 60mg ئىچىدۇ، دەسلەپكى ئىچىش مىقدارى 20mg. ئەگەر بىر قانچە ھەپتە ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە دورا مىقدارىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش كېرەك.

مەجبۇرلاش خاراكتېردىكى نېۋروز ـ ھەر كۈنى 20 ~ 60mg ئىچىلىدۇ، دەسلەپكى ئىچىش مىقدارى 20mg، بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە دورا مىقدارىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش كېرەك.

نېرۋا مەنبەلىك تويماسلىق كېسىلىدە ـ ياشلار، ياشانغانلار كۈنىگە 60mg دىن ئىچىدۇ.

ئۆلچەملىك قاچىلىنىش: 7/20mg كاپسۇل/قۇتا، /قۇتا 28/20mg كاپسۇل

4. زىپپىرىش (奥氮片)

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە ۋە باشقا ئېغىر تىپتىكى روھىي كېسەل ئالامەتلىرىگە مەسىلەن، بىھۇدە خىيال، خىيالىي تۇيغۇ، تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى، گۇمانخورلۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يوشۇرۇن ئالامەتلەر، مەسىلەن: ھېسسىياتنىڭ سۇسلىقى، ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ سۇسلىشىشى، گەپ ـ سۆزنىڭ ئاددىيلىقى ۋە روھىي كېسەللىكنىڭ جىددىي قوزغىلىش مەزگىلى ۋە مادارلاندۇرۇپ داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۈنىگە 10mg دىن بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. ئىشلىتىش مىقدارى 10mg ~ 5.

ئۆلچەملىك قاچىلىنىشى: 7/10mg تال، قاپ، /قاپ 28/5mg تال